

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز
1999-1949
شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى
10 1999
ISSN 1002-9451
10 >
9 771002 945002

# 1999 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى



يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى 1 - سېنتەبىر خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يەرمەنكىگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 5000 دىن ئارتۇق مېھمان ۋە سودىگەر قاتناشتى.

بۈگۈن ئۈرۈمچىنىڭ ھەممىلا يېرى بايرام تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، چېگرا شەھىرى ئاجايىپ جۇشقۇن كەيپىياتقا تولغانىدى. ئېچىلىش مۇراسىمى باشلىنىشى بىلەن ياڭرىغان داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي سادالىرى، يېقىملىق، لەرزان ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئۆزگىچە بېزەلگەن يەرمەنكە مەركىزىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدۈردى. نەچچە مىڭ كەپتەر قويۇپ بېرىلدى.



ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، دۆلەت تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سۈن گۇاڭشياڭ قاتناشتى ۋە لېنتا كەستى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇراسىمدا سۆز قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مېھمان ۋە سودىگەرلەرنى كۆچلۈك جەلپ قىلدى. ئۇلار 1060 يايما ئورنىنى سېتىۋالدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدىن كەلگەن 20 سودا ئۆمىكى 675 يايما ئورنىنى سېتىۋالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر 385 يايما ئورنى سېتىۋالدى، گۇاڭدۇڭ، سەنشى، نەنجىڭ، خېبېي، چۇڭچىڭ، شېنجېن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەر ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ يەرمەنكىگە قاتناشتۇردى. چەت ئەللەردىن يەرمەنكىگە قاتنىشىش، سەيلە - ساياھەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ ئۆتكەن يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك كۆپ بولدى.

ئابلىز ئابدۇللا خەۋىرى ۋە فوتوسى






# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە دائىر شوئارلار

1. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

2. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە قىزغىن تەنتەنە قىلىمىز!

3. دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

4. دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى!

5. دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرايلى!

6. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرايلى!

7. پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلايلى!

8. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرەيلى!

9. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى تۈپ ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش!

10. تىنچ ، ئىتتىپاق ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدايلى ۋە ساقلايلى!

11. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە لايىقلاشقان ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلايلى ۋە مۇكەممەللەشتۈرەيلى!

12 سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىدىكى تۈپ ئۆزگىرىشنى پائال ئىلگىرى سۈرەيلى!

13. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ئورتاق راۋاجلانغان ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەقسىمات تۈزۈمىدە چىڭ تۇرايلى!

14. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرايلى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرايلى!

15. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرايلى!

16. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى!

17. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى!

18. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرايلى!

19. جان دىلىمىز بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنايلى!

20. ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن دۆلىتىمىزنى گۈللەندۈرەيلى، بارلىق ئىشنى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن قىلايلى!

21. بىلىمنى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، پەن مائارىپقا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويايلى!

22. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، بايلىق ۋە مۇھىتنى قوغداپ، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويايلى!

23. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرايلى!

(ئاخىرى 58 -بەتتە)

## مۇھىم ھۆججەت، مۇھىم ئىشلار

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 15-نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى ........................................ 4

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن 50 يىل ......... سودىكۆي، ۋاڭ گۇيرۇڭ 7

## «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى

«3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە...................................... م. دانى 25

## ئاۋمېن ھەققىدە پاراڭ

سۇن جۇڭشەن ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاۋمېندىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى........................................ 29

## دەۋرىمىز ئاۋانگارتلىرى

يېشىللىق پەرۋانىسى.................... ئا. خوجا ئالىم 31

## پاكلىق قۇرۇلۇشى

پارتىيە خىزمىتىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى.................. ت. مۇسا 34

## 21-ئەسىرگە نەزەر

نوپۇسىمۇ سىجىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشى كېرەك........................................................ تيەن شۆيۈەن 36

## گۈل ۋە تىكەن

ئاياللار خىزمىتىدىكى ياخشى باشلامچى.............. (6 پارچە) 38

## مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشمۇ ماددىي مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئوخشاش «چىڭ قائىدە»................. ر. ئەخمەت 40

## ئەرمىلەر گېزىتى

دۆلەت قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا يار ـ يۆلەك بولىدىغان دۆلەت كارخانىلىرى ئۈچ شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك....(7 پارچە).................... 42

**تېلېفون: باش ئاپپارات 2817524، 2817532 ئارقىلىق 21829، 21698، 21879 قاتارلىق ئىشخانىلارنى ئالسىڭىز بولىدۇ.**

**ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ.**




**● ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدۇ**

* * *

**● سىياسىي، نەزەرىيە ۋە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال**

* * *

**● ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ**

* * *

**● مۇھەررىرلەر:** ئەركىن ئىمىن، قۇدرەت مىجىت، زۆلپىيە موللاخۇن، ئارزۇگۈل تۇرسۇن

**● تەكلىپلىك مۇھەررىر:** قادىر داۋۇت

* * *

**● گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئابدۇسالام ئابدۇراخمان

* * *

**● نۆۋەتچى مۇھەررىر:** قۇدرەت مىجىت

**1999 ـ يىل 10 ـ سان**
**(ئومۇمىي 429 ـ سان)**
**«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى»**
**ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى**
* * *
**«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى**
* * *
**مەملىكەت ئىچىدە بىر ـ لىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرنال ـ لار نومۇرى**
CN65- 1002 / 2
* * *
**مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ**
* * *
**ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ**
* * *
**ئادرېسى: ئۈرۈمچى ساغلام يولى 2 ـ قورۇ**



## سىياسىي خىزمەت گۈللىرى

يېڭى دەۋردە ئۇقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا............................ ي.ھاجى 46

## پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۇچۇرلىرى

يېڭىشەھەر ناھىيىسى رەھبىرىي كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى.......... (6 پارچە)
........................................................................... 48

## بىر ئىشقا بىر مۇلاھىزە

ئەمەلىي ئىش قىلايلى، «ئويۇن» ئوينىمايلى.................. ۋاڭ جىنيۇ 50

## مۇلازىمەت مۇنبىرى

پارتىيىدىن چىقىرىلغان كىشىلەر قايتىدىن پارتىيىگە كىرسە بولامدۇ؟
...... (4 پارچە) ........................................................... 52

## دېلو ۋە قانۇن

قانۇننى ئىجرا قىلىش تەنتەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.............................. ئۇ.نىياز 54

## پارتىيە ئەزالىرى ساداسى

يېزا كادىرلىرى ئۈچۈن بىر ئېغىز لىللا گەپ.............................. 57
يېزىلاردىكى سىملىق رادىئونى ئاسراش لازىم ............................ 57

## تارىخ ۋە شەخس

ج ك پ ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش.............................. شۆچىڭچاۋ، شۆجىچاۋ 59

## ئۇقتۇرۇش

شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ........................... 64

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى ئابلىمىت تۇرسۇن، ئابدۇسالام ئابدۇ ـ راخمانلار سىزغان

**بۇ ساندا يىرتىلىپ كەتكەن، چۇشۇپ قالغان، بۇلغىنىپ كەتكەن، تەكرار ئالمىشىپ قالغان بەتلەر بولسا، بىۋاسىتە باسما زاۋۇتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغايسىز !**
**ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر ياڭزىجياڭ يولى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى (پوچتا نومۇرى : 830051)**

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

**1999-يىل 9-ئاينىڭ 22-كۈنى**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزاسىدىن 189 كىشى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسىدىن 147 كىشى قاتناشتى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى.

ئومۇمىي يىغىندا «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا ئائىت بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق دەپ قارالدى: دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم ۋە تەخىرسىز ۋەزىپە. دۆلەت كارخانىلىرى ـ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى. دۆلىتىمىزنىڭ 15 ـ قۇرۇلتايدا بېكىتىلگەن ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ساقلاشتا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش، مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرماقتا. شۇڭا بەزى چوڭقۇر قاتلامدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىغا ئائىت مەسىلىلەرنى مەركەزلىك مۇزاكىرە قىلىشى ۋاقتىدا بولدى ۋە زۆرۈر ئىدى.

ئومۇمىي يىغىندا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم رولىغا يۇقىرى باھا بېرىلدى ۋە بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلاندى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بوشاشماي كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنى نامرات، قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش نىشانىغا قاراپ گىگانت قەدەم تاشلاۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ تارىخىي سەكرەش. دۆلەت كارخانىلىرى ۋە ئىشچىلار سىنىپى بۇ يولدا ئۆچمەس زور تۆھپە قوشتى. بىز ئەسىر ئالمىشىش ئالدىدىكى كەسكىن خەلقئارا مۇھىتنى نەزەردە تۇتقاندا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى، دۆلەت مۇداپىئە كۈچى ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سىلجىتىپ، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى يېتەكچى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھازىردىن باشلاپ 2010 ـ يىلغىچە بولغان ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك يېتەكچى قائىدىنى بېكىتىلدى. ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ئالدى بىلەن دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ 3 يىللىق نىشانىغا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يېتىش كېرەك. ئوخشاشمىغان كەسىپ ۋە رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، تەكشىسىز تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ مۇساپىسىگە ئاساسەن، ئۇقتىلىق ساھە، ئۇقتىلىق كارخانا ۋە كونا سانائەت بازىلىرىنى ئېتىبار بىلەن ياخشى تۇتۇپ، نۆۋەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كەلگۈسى تەرەققىيات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش، كەسىپ قۇ-

رۇلمىسىنىڭ سەرخىللاشتۇرۇلۇشى، دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە
مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى، مۇكەممەللىشىشى بىلەن
بىرلەشتۈرۈپ، ھەم ئىلگىرىلەش، ھەم چېكىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، قىلا-
لايدىغان، قىلىشقا قۇربىتىمىز يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، دۆلەت
ئىقتىسادىنىڭ تىزگىنلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. دۆلەت ئىق-
تىسادى خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم كە-
سىپ ۋە ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقا كەسىپ
ۋە ساھەلەردە مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق
كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىقتىسا-
دىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچى-
لىكنى رېئاللاشتۇرۇشنىڭ كۆپ خىل ئۈنۈملۈك شەكىللىرى ئۈستىدە
پائال ئىزدىنىپ، پاي تۈزۈمى ۋە بىرىكمە مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادنى
زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، مۇھىم كارخانىلارنىڭ پېيىنى دۆلەت
تىزگىنلەش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىنى داۋاملىق ئىستراتېگىيىلىك
ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىل-
دۇرۇپ، چوڭ كارخانىلار ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىنى زور كۈچ بىلەن يې-
تىلدۈرۈش، ئوتتۇرا ۋە كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇش
كېرەك.ھەرخىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ
ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم
رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، پەن-تېخنىكا تىپىدىكى
كارخانىلارنى پائال يۆلەش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلاردا مۇلازىملىق
سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. كونا سانائەت بازىلىرى، ئوتتۇرا،
غەربىي قىسمىدىكى رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى دۆلەت
ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش، كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ
تەشكىللەشتە دۆلەت مەدەت بېرىش سالمىقىنى زورايتىدۇ.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: زامانىۋى كارخانا تۈ-
زۈمى ئورنىتىش-دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى، ئو-
مۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈ-
نۈملۈك يولى. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ ئايرىلىشىنى داۋاملىق
ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، دەرىجىگە ئايرىپ
باشقۇرۇش، ھوقۇق بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىش تەقسىم قىلىۋې-
لىپ نازارەت قىلىش پرىنسىپى بويىچە دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنىڭ
ئۈنۈملۈك شەكلى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش كېرەك. چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت
كارخانىلىرىدا قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش،
قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش، مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش، بازارغا يۈزلىنىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى زور
كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىش كېرەك. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە باب كېلە-
دىغان كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈ-
رۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كارخانا باش-
قۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئىستراتې-
گىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، تۈرلۈك قائىدە-تۈ-
زۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كارخانىنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئاجىز
ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇش، زامانىۋى باشقۇرۇش تېخنىكىسى، ئۇسۇلى ۋە
ۋاسىتىسىنى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش
كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق دەپ قارالدى:دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈ-
لۈك قەرز قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي سېلى-
قىنى يەڭگىللىتىشنى كارخانىنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاش-
تۇرۇش، يېڭى مېخانىزم ئورنىتىش، ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش
بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ماكرولۇق ئىقتىسادىي مۇھىت ۋە دۆلەتنىڭ
مالىيە كۈچىگە ئاساسەن، ئوخشىمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ھە-
قىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا تۈرلەرگە
ئايرىپ ھەل قىلىش، كارخانىلارنىڭ مەبلەغنى ئاشۇرۇپ، قەرزنى ئازاي-
تىشىغا ياردەم بېرىش، قەرز ۋە مۈلۈكنىڭ قايتا تەشكىللىنىشىنى ئىل-
گىرى سۈرۈش كېرەك. كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش
فۇنكسىيىسىنى ئايرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بۇ خىز-
مەتنى پائال قوللىشى، پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.
خادىملارنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە
ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئىشقا ئو-
رۇنلىشىش يولىنى كەڭ ئېچىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كەسىپ
تاللاش قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەپ، بازار باشلامچى قىلىنغان
ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: دۇنياۋى كەسىپ قۇ-
رۇلمىسىنى تەڭشەش يۈزلىنىشىگە ۋە ئىچكى-تاشقى بازار ئېھتىيا-
جىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئويغۇنلىشىشتا، چوقۇم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ
تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە كەسىپ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش
قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلغار تېخنىكا
ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپنى ئۆزگەرتىپ، سورتىنى كۆپەيتىش، سۈ-
پىتىنى ياخشىلاش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ۋە ئېكسپورتنى كېڭەيتىشنى
چۆرىدىگەن ھالدا ھازىرقى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىنى كۈ-
چەيتىش كېرەك. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپ ۋە يۇقىرى تېخنىكا
كەسىپلىرىدە دۆلەت كارخانىلىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىشى، يادرولۇق
تېخنىكىنى ئىگىلىشى، يېتەكچى رول ئوينىشى كېرەك. ئۈنۈملۈك
سىياسىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نۇقتىلىق كەسىپ، كارخانا، مەھسۇ-

لاتلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كارخاننى مەركەز قىلغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ماكرولۇق تەڭشەش بىلەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىسلاھاتنى داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تۇپ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك بازارلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا ياخشى تاشقىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە تەشكىلىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كارخانا پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىشچىلار سىنىپىغا جان - دىل بىلەن تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان كارخاننى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كارخانىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. يۇقىرى ساپالىق ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەربىيىلەش، تاللاش، باشقۇرۇش، سىناش، نازارەت قىلىش ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە ياخشىلاپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ۋە كارخانىچىلار قوشۇنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەرقايسى كەسىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا كادىرلار، ئاممىنى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا يولداش خۇجىنتاۋنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، يولداش گوبەيشيۇڭ، سۈي سەيخۇنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاش قارار قىلىندى.

ئومۇمىي يىغىندا «ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۈي يۈنخۇڭنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ئومۇمىي يىغىندا شۈي يۈنخۇڭنىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىقىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئۇنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىش قارار قىلىندى. شۈي يۈنخۇڭنىڭ بەزى مەسىلىلىرى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا چېتىلغاچقا، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئومۇمىي يىغىندا مەركەزنىڭ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، بىردەك مۇنداق دەپ قارالدى: پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى روھىنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خېيىمخەتەرنى باتۇرلۇق بىلەن يەڭدى، خەلق ئىگىلىكى سىجىل يۇكسەلدى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت مۇقىم، تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك بولدى. ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، پارتىيىمىز ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار، نۆۋەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش بىلەن پارتىيىنىڭ ئومۇمىي نىشانىغا يېتىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئورۇنداشنى ياخشى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ، ۋەزىپە قانچە مۇشكۈل بولغانسېرى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، پروگراممىسى، فاڭجېنىنى شۇنچە تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا باستۇرۇشى كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار چاقىرىق قىلىندى: پۈتۈن پارتىيە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ تۈرلۈك سىياسەت ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدىكى يېڭى ۋەزىيەتنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى 21 - ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا چىلجىتىشى كېرەك.


# جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن 50 يىل

سۇدېگۈي، ۋاڭ گۈيرۇڭ

شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا «مېۋە-چېۋە ماكانى»، «ئالتۇن، قاشتېشى ماكانى»، «تۇلپار ماكانى» دېگەن چىرايلىق نام-شەرىپى بار، بولۇپمۇ ئۇ «يىپەك يولى» مەدەنىيىتى بىلەن جاھانغا تونۇلغان. ئۇ گۈزەل جۇغراپىيىلىك شەكلى، ئەۋزەل تەبىئىي بايلىقلىرى ۋە ئۆزگىچە قويۇق مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن جاھان جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى باي، مۇنبەت، گۆھەر زېمىن، دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. 50 يىللىق مۇساپىنى ئەسلەپ ئۆتىدىغان بولساق، ئۇ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. 1949 - يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كېلىپ، بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا جەۋلان قىلدى، 1955-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، شۇندىن ئېتىبارەن شىنجاڭ تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان شىنجاڭدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن شانلىق تارىخىي داستان پۈتۈلدى.

## شانلىق قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت ھەمدە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، دەۋر دولقۇنىغا يۈز-لىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈپ، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە، يېپىق، ئىچكى يۆنىلىشلىك ئىگىلىكتىن ئېچىۋېتىلگەن، تاشقى يۆنىلىشلىك ئىگىلىككە ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچىنى زور ھەجىمدە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يېڭى بالداققا كۆتۈردى، سىياسىي مۇقىم،



ئىقتىساد راۋاجلانغان، جەمئىيەت تىنچ، مىللەتلەر ئىتتىپاق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك بولغان، ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىگەن بولۇشتەك ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇردى.

## 1. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىدە ئۇلۇغ غەلبىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

**ــ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى خوجايىن بولدى.** شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1953-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ 6 مىللىي ئاپتونوم ناھىيە ۋە 5 مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست، 1955 - يىلى 10-ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 50 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون پارتىيە ۋە دۆلەت بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن 150 پارچىدىن ئارتۇق يەرلىك قانۇن، نىزام، قارار، بېكىتمىنى تۈزۈپ ۋە ئېلان قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، 1998-يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە شىبە قاتارلىق 6 مىللەت يېزىقىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىۋاتقان گېزىت 87 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى 43 خىل بولدى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 6 خىل يېزىقتا ھەر خىل كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنى نەشر قىلسا، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە 5 خىل تىلدا سىرتقا ئاڭلىتىش بېرىۋاتىدۇ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل تىلدا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتىۋاتىدۇ. شىنجاڭدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دىنىي ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، دىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەندى.

**ــ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈنسايىن مۇستەھكەملەندى.** شىنجاڭدا 47 مىللەت، بۇنىڭ ئىچىدە 13 ئاساسلىق مىللەت بار. 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتۇلدى. 1983-يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ئۇدا 16 يىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ھەر مىللەت خەلق ھەممەيەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇش، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا چۈشىنىش ئەۋج ئالغان كەيپىياتقا ئايلىنىپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە «قوش ھىمايە قىلىش»تىكى 51 ئىلغار ناھىيە ۋە زور بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كېلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

**ــ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى مەزمۇت ئۆسۈپ يېتىلدى.** ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭدا 3000 دىن كۆپرەكلا ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار ئىدى. 1998-يىلىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 320 مىڭغا يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ %49.9 تىنى ئىگىلىدى؛ ھەر خىل ئازسانلىق مىللەت كەسپىي - تېخنىكا خادىملىرى 250 مىڭغا يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي - تېخنىكا خادىملىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %50.8 تىنى ئىگىلىدى؛ ھەرقايسى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە، ئاپتونوم يېزىلارنىڭ ئوبلاست باشلىقى، ھاكىم، يېزا باشلىقلىقىنى شۇ جايدىكى ئاساسلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىرلار ئۈستىگە ئالدى، ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ ۋالىي، شەھەر باشلىقلىقىنى بىر نەپىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسىنىلا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئالدى؛ %85 ئەتراپىدىكى ناھىيە (شەھەر، رايون)لەرنىڭ باشلىقلىقىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئالدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 374

مىڭ 200 نەپەرگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %38 تىنى ئىگىلىدى. ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ۋە ھەر خىل كەسپىي - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغانلىقنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى.

**2. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى**

**- دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسلاھات مول مېۋە بەردى.** 1979-يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يائال يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارغا تەشنا بولغىلى ئۇزاق بولغان ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان ھالدا «5 نى بىرلىككە كەلتۈرۈش» يولغا قويۇلۇپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شەكىللەندۈرۈلدى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، سېتىشنى ھۆددىگە ئېلىۋېلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئاشلىق، پاختا، قىزىلچا قاتارلىق ئاز ساندىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلار بازىرى ۋە باھاسى تېخى پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىلمىگەندىن سىرت، قالغان دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلار بازىرى ۋە باھاسى پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىلدى؛ يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىشنى 15 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆددىگەرلىك مۆھلىتى 30 يىلغا ئۇزارتىلىپ، دېھقانلارنىڭ يەرلەرگە ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك سېلىنما سېلىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىلدى؛ بازار ئېھتىياجى يېتەكچى قىلىنىپ، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىپ، يېگانە ھالدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، كېۋەز، قىزىلچا، مېۋە-چېۋە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ نىسبىتى ئاشۇرۇلۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ نىسبىتى 1978-يىلىدىكى %76.5 تىن 1998-يىلىدىكى %48 كە چۈشۈرۈلدى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ نىسبىتى %12.6 تىن %43.8 كە ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز %5 تىن %30.5 كە ئۆستۈرۈلدى؛ يېزا-بازار كارخانىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان 2-، 3-كەسىپلەر پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978-يىلىدىكى %15.7 تىن 1998-يىلىدىكى %25 چامىسىغا ئۆستۈرۈلۈپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**- مىكرولۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا مۇھىم بۆسۈش ھاسىل قىلىندى.** 1992-يىلىدىن بۇيان دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇلۇپ، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق ھالدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىشقا تۇتۇش قىلىندى. شىركەت تۈزۈمى، پاي ھەسسەدارلىق تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ئىشى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1998-يىلىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە پاي ھەسسەدارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا 6101 گە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 17 مىليارد 660 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە پاي ھەسسەدارلىق چەكلىك شىركىتىدىن 65 ى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن 6036 سى، بازارغا يۈزلەندۇرۇلگەن شىركەتتىن 11ى، پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمىدىكى كارخانىدىن 643 ى بار. «چوڭلىرىنى تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىغا قارىتا يولغا قويۇلغان ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ئىشىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم كۆرۈلدى، 1998-يىلىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە رەسمىي ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن كارخانا گۇرۇھى 31 گە يېتىپ، گۇرۇھلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 167 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 404 مىليون دوللارغا يەتتى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 7000 دىن ئارتۇق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كىچىك كارخانا ئىچىدە %50 تى تۈرلۈك شەكىلدىكى مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى تاماملاپ بولدى، سۈرئىتى تېزرەك بولغان جايلارنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش دائىرىسى %80 تىن ئېشىپ كەتتى،

ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كىچىك كارخانىلار تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولدى. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازارغا يۈزلىنىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، بازار يېتەكچى قىلىنغان مىكرولۇق رىقابەت سۇبيېكتىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

**ـ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلدى.** ئىسلاھات بىرلا خىل ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى ئورتاق راۋاجلىنىدىغان يېڭى قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئىگىلىك، يەككە، خۇسۇسىي، بىرلەشمە ئىگىلىك، پاي ھەمكارلىقى، پاي ھەسسىدارلىقى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلىغىدىكى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەبلىغىدىكى ئىگىلىك قاتارلىق ئوخشىمىغان شەكىلدىكى مىكرولۇق ئىگىلىك سۇبيېكتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك خەلق ئىگىلىكىدە يەنىلا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا بولغان تۆھپىسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىلەن ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ نىسبىتى 1978ـيىلىدىكى 99.85: 0.15 تىن 1998ـيىلىدىكى 79.81: 20.19 غا ئۆزگەردى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىگىلىكى %77.71 تىن تۆۋەنلەپ %62.81 كە چۈشتى؛ سانائەتنىڭ كۆپەيگەن قىممىتى ئىچىدە ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىلەن ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ نىسبىتى 0:100 دىن ئۆزگىرىپ 87.49: 12.51 بولدى؛ توپ سېتىش كەسپى بىلەن پارچە سېتىش كەسپىنىڭ قوشۇلغان قىممىتى 97.30: 2.70 تىن ئۆزگىرىپ 42.37: 57.63 بولدى، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى دۆلەت سالغان مەبلەغ %98 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىگەن بولسا، 1998ـيىلىغا كەلگەندە %75 كە چۈشتى. 1998ـيىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يەككە سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 387 مىڭغا، خۇسۇسىي كارخانىلار 12 مىڭ 600 گە، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 720 مىڭ كىشىگە؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 597 گە يېتىپ، ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

**ـ ئىگىلىكنىڭ بازارلىشىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى.** يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى قەد كۆتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازارلىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى 1998ـيىلى %60 تىن كۆپرەككە يەتتى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئەسلىدىكى پىلانلىق يۆتكەپ، پىلانلىق تەمىنلەشتىن ھازىرقى ئاساسىي جەھەتتىن بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى؛ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى بازارنىڭ تەمىنلەش ـ تەلەپ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان مېخانىزم دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، خېرىدارلار بازىرى ئاساسىي جەھەتتىن بارلىققا كەلدى، ھازىر %85 تىن يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، %90 تىن يۇقىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ۋە %95 تىن يۇقىرى سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى بازار ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلىدىغان بولدى. مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتى كۆپ مەنبەلىشىپ، بانكىدىن قەرز ئېلىش، كارخانا ئۆزى غەملەش، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ۋە جەمئىيەتتىن توپلاش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرگە ئۆزگەرتىلدى؛ كاپىتال بازىرى ئىشقا كىرىشىپ، مەبلەغ بازىرى، ئاكسىيە بازىرى، زايوم بازىرى، زاكاز مال بازىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتى قاتارلىق 10 نەچچە پۇل ـ مۇئامىلە كارخانىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى؛ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىلگىرىكىدەك دۆلەت بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ، بىر تۇتاش سەپلەيدىغان ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلار ئۆزئالدىغا ئادەم ئىشلىتىدىغان، ئەمگەكچىلەر ئۆزئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان، ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان مېخانىزم بارلىققا كېلىپ، ئىختىساس ئىگىلىرى، ئەمگەك

كۆچلىرى بازىرى ئارقا - ئارقىدىن تەرەققىي قىلدى؛ يەر بازىرى، پەن - تېخنىكا بازىرى، ئۇچۇر بازىرى، مەدەنىيەت بازىرى قاتارلىق ھەر خىل بازارلارمۇ كەينى-كەينىدىن بارلىققا كەلدى. 1998-يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل بازاردىن 1422 سى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرىدىن 67 سى، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدىن 1322 سى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىدىن 33 ى بار. ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىشىدىغان، تەرتىپلىك بازار سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسى %30-35 كە يېتىپ، بازار بايلىقنى تەقسىملەش جەھەتتە ھۆللۈق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى.

**— سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.** پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تەرتىپ بويىچە ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. بىرىنچى باسقۇچى يېزىلاردىكى ئىسلاھات مۇقىم نۇقتا قىلىنغان باشلىنىش باسقۇچى (1978-1984-يىللىرى) بولۇپ، ئىسلاھات يېزىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلدى ۋە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؛ ئىككىنچى باسقۇچى شەھەرلەردىكى ئىسلاھات مەركەز قىلىنغان، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلگەن باسقۇچ (1985-1991-يىللىرى) بولۇپ، قوش يۆنىلىشلىك باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ دۆلەتكە تايىنىۋېلىشى بازارغا يۈزلىنىشكە ئۆزگەرتىلدى؛ ئۈچىنچى باسقۇچى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى قۇرۇش باسقۇچى (1992-يىلىدىن ھازىرغىچە) بولدى. 1992-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدىكى ئاچقۇچلۇق بىر يىل بولدى. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا ئېلىمىزدىكى ئىسلاھاتنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. نەتىجىدە شىنجاڭدىكى تۆرلۈك ئىسلاھات ئىشلىرى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، مالىيە-باج، پۇل-مۇئامىلە، تاشقى پېرېۋوت، تاشقى سودا، مەبلەغ سېلىش، پىلان، باھا، ئوبوروت، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھات ئارقا - ئارقىدىن قانات يايدۇرۇلدى. باجنى ئايرىش تۈزۈمى يادرو قىلىنغان يېڭى مالىيە - باج تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىپ، مالىيە كىرىمى بىلەن ئىقتىساد تەڭ قەدەمدە ئاشىدىغان ياخشى مېخانىزم ئورنىتىلىپ، 80-يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن مالىيەدە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ئۆزگەرتىلدى، 1994-يىلى شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە ھەممىدىن ئاۋۋال دۆلەت باج ئىدارىسى بىلەن يەرلىك باج ئىدارىسى ئايرىم - ئايرىم تەسىس قىلىندى؛ يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، سودا بانكىسىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ كەسپىي بانكىنىڭ سودا بانكىسىغا ئۆزگىرىشى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېڭىدىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قۇرۇلۇپ، سىياسەت خاراكتېرلىك بانكا بىلەن سودا بانكىسىنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېڭىدىن قاتناش بانكىسى، سودا بانكىسى، پىكئەن سۇغۇرتا شىركىتى ۋە تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى قاتارلىق پۇل-مۇئامىلە، سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى، بىر تۈركۈم غەيرىي پۇل-مۇئامىلە ئاپپاراتى قۇرۇلدى؛ خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، كارخانىلارنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت ھوقۇقى كېڭەيتىلدى، تاشقى سودىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ھەرىكەت مېخانىزمى يولغا قويۇلدى؛ مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا رىقابەت مېخانىزمى ۋە خەۋپ-خەتەر تىزگىنلەش مېخانىزمى كىرگۈزۈلۈپ، يېڭى مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى؛ باھا ئىسلاھاتىدا دۆلەتنىڭ بازار باھاسىنى ئاساس قىلىشتىن باھانى بازار ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈشنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، باھانى بازار بەلگىلەيدىغان يېڭى مېخانىزم دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى؛ پىلان فۇنكسىيىسىدە تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۆتكەنكى ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى تۈزۈش ماكرولۇق يېتەكچىلىك ۋە ماسلاشتۇرۇشقا بۇرالدى؛

يېڭى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى، كارخانىلارنى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان تارماقلار تارقىتىۋېتىلدى، ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش تارماقلىرىغا بۇرالدى، ئىقتىسادنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىشىدا «قويۇۋەتكەن ھامان قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدىغان، يىغىۋالغان ھامان ئۆلۈك بولۇپ قالىدىغان» ۋەزىيەت ئۆزگىرىشكە باشلىدى؛ ئۆتكەنكى «كۆپ ئىشلىگەنلەر بىلەن ئاز ئىشلىگەنلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان» ئەھۋال ۋە تەقسىمات جەھەتتىكى «داشقازان تامىقى» چىقىپ تاشلىنىپ، دارامەت تەقسىماتىغا رىقابەت، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئۈنۈم ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ ئىقتىسادىي سىياسەت، ئىقتىسادىي پىشاڭ ۋە ئىقتىسادىي نىزام قاتارلىق تەڭشەش - تىزگىنلەش ۋاسىتىلىرى كۈندىن-كۈنگە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى، مائارىپ تۈزۈلمىسى، پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى، تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى، دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىسلاھاتلاردىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلەندى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تېز قەدەمدە ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

## 3. ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ روشەن كۈچەيدى

**— خەلق ئىگىلىكى سىجىل ئاشتى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي كۆلىمى ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق بولۇشتەك قالاق قىياپىتى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىلدى. 1998-يىلى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 111 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، 1952-يىلدىكىدىن 33.2 ھەسسە ئاشتى ۋە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8% تىن ئېشىپ باردى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 1-كەسىپنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 8. 5%، 2-كەسىپنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 9.6%، سانائەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 10. 4%، 3-كەسىپنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 10. 3% بولدى؛ باسقۇچلارغا بۆلۈپ قارىغاندا، 1979-يىلدىن 1998-يىلغىچە بولغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 10. 6% بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرىكى 26 يىل (1952-1978-يىل)غا سېلىشتۇرغاندا، يىللىق ئوتتۇرىچە 6% لىك ئېشىش سۈرئىتىدىن 4. 6% پوئېنت تېز بولدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1952-يىلدىكى 166 يۈەن، 1978-يىلدىكى 313 يۈەندىن 1998-يىلى 6229 يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ، 1978-يىلدىن بۇيان، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى 8. 6% بولدى. شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىدىكى ئورنىمۇ پۇختا قەدەم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ئىگىلىگەن سالمىقى 1978-يىلدىكى 08. 1% تىن 1998-يىلى 4. 1% كە كۆتۈرۈلدى؛ شىنجاڭ مەملىكەتتىكى ئەڭ مۇھىم تاۋار پاختا بازىسى بولۇپ قالدى، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى؛ ئاساسىي سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى، بىر قىسىم مەھسۇلاتلار مەملىكەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە خام نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە 3-ئورۇنغا، شېكەر بىلەن تەبىئىي گاز 4-ئورۇنغا ئۆتتى؛ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ مەنبەسى بولغان ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ماتېرىيال، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي كەسىپ ۋە ئاساسىي ئەسلىھە جەھەتتىكى «جىددىيچىلىك» مەلۇم دەرىجىدە پەسەيدى. ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان شارائىتتا، كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشەلدى ۋە سەرخىللاشتۇرۇلدى. سانائەتلىشىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى سانائەت ئىگىلەش شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىپ، توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودا كەسپى، ترانـ

پورت، پوچتا-تېلېگراف، پۇل -مۇئامىلە، سۇغۇرتا ۋە ئۆي-زې-
مىن كەسپى قاتارلىق 3-كەسىپنىڭ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي
قىلدۇرۇلۇشى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى
كۆتۈرگەنلىكىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولۇپ قالدى.

**-يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى كۈنسېرى مۇس-
تەھكەملەندى.** شىنجاڭ ئىگىلىكى تىپىك ھالدىكى بوستان-
لىق ئىگىلىكى بولۇپ، دېھقانچىلىقتا سۇغىرىشقا تايىنىل-
دۇ. 50 يىللىق ئېچىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايو-
نىمىزدا تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىش تورى دەسلەپكى قە-
دەمدە شەكىللىنىپ، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەسلىھە-
لىرىنىڭ سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
1998-يىلىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى 7 مىليون 703 مىڭ 900 كىلوۋاتقا
يېتىپ، 1978-يىلىدىكىدىن 62. 3 ھەسسە ئاشتى؛ دېھقانچىلىق
خىمىيىۋى ئوغۇتلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى (تونىنىغا
سۇندۇرغاندا) 855 مىڭ 900 تونىنىغا يېتىپ، 2.82 ھەسسە ئاش-
تى؛ يېزىلارنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى 2 مىلىيارد 249
مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 03. 6 ھەسسە ئاشتى؛ ئا-
ساسلىق زىرائەتلەرنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن قاپلىنىش
كۆلىمى 90% تىن كۆپرەككە، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى-
نىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھ-
پىسىنىڭ نىسبىتى % 40 كە يەتتى. دېھقانچىلىق، ئورمان-
چىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپى سىجىل تەرەق-
قىي قىلدى، بولۇپمۇ 1978-يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىكىدە
ئۇدا 20 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدە چوڭ
ئۆلكىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 1998-يىلى يېزا ئىگىلىك
ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 49 مىلىيارد 925 مىليون يۈەنگە
يېتىپ، 1949-يىلىدىكىدىن 7. 20 ھەسسە ئاشتى، يىللىق
ئوتتۇرىچە ئېشىشى % 5. 6 بولدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 1978-يى-
لىدىن 1998-يىلىغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى % 7. 8
بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگى-
رىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن % 7. 3 پو-
ئېنت تېزلىشىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئە-
تىدىن 2% پوئېنت تېز بولدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى
بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش ھەسسىلەپ ئاشتى. شىنجاڭنىڭ
ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىپ ئېشىپ، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە،
ئاپتونوم رايونلار بويىچە ئاشلىق يۆتكەپ چىقىرىشى ئەڭ
كۆپ ئاپتونوم رايون بولۇپ قالدى، 1998-يىلى ئاشلىق مەھ-
سۇلات مىقدارى 8 مىليون 300 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، 1949-
يىلىدىكىدىن 79. 8 ھەسسە ئاشتى؛ پاختىنىڭ مەھسۇلات
مىقدارى 1978-يىلىدىكى 55 مىڭ توننىدىن 1998-يىلىغا كەلگەندە
ئۇچقاندەك ئېشىپ 1 مىليون 400 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، مەم-
لىكەتنىڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن
كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، 1994-يىلىدىن بۇيان ئۇدا بىرلىك
مەھسۇلات، ئومۇمىي مەھسۇلات، سورت ۋە يۆتكەپ چىقىرىش
مىقدارى قاتارلىق تۆت جەھەتتە مەملىكەت بويىچە بىرىن-
چىلىكنى ساقلاپ كەلمەكتە. قىزىلچا مەھسۇلات مىقدارى 5
مىليون 130 مىڭ تونىنىغا يېتىپ 1978-يىلىدىكىدىن 3. 30
ھەسسە ئاشتى؛ مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 375 مىڭ 200
تونىنىغا يېتىپ، 63. 2 ھەسسە ئاشتى؛ شىنجاڭ جۇڭگو ۋە
چەت ئەللەردە داڭلىق «مېۋە - چېۋە ماكانى» بولۇپ، تۇرپان-
نىڭ ئۈزۈمى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى قاتار-
لىقلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا شۇنىڭدەك شەرقىي
جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىغا سېتىلماقتا؛ شىنجاڭ ئېلىمىز-
دىكى 5 چوڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىرى بولۇپ، 1998-يىلى
بېقىلىۋاتقان چارۋىلارنىڭ سانى 42 مىليون 240 مىڭ تۇياققا
يېتىپ، 1949-يىلىدىكىدىن 07. 3 ھەسسە ئاشتى؛ گۆشنىڭ
مەھسۇلات مىقدارى 751 مىڭ 900 تونىنىغا يېتىپ، 86. 13
ھەسسە ئاشتى؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى 53 مىڭ 400 تونىنىغا يېتىپ
266 ھەسسە ئاشتى. يېزا-بازار كارخانىلىرىدا يېڭى كۈچلەر
بىردىنلا بارلىققا كېلىپ، 1998-يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات
قىممىتى 27 مىلىيارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984-يىلى-
دىكىدىن 35 ھەسسە ئاشتى؛ يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھ-
سۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان ناھىيە (شەھەر)
لەر 52 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ناھىيە (شەھەر)نىڭ يىل-
لىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىلىيارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى؛
يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان خادىملار 800 مىڭغا
يېقىنلاشتى.

**سانائەت ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈنسېرى كۈچەي-
دى.** ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشقان سا-
نائىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. 50 يىللىق تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭ بايلىق مەنبەسىنى پىششىقلاپ

ئىشلەشنى ئاساس قىلغان، تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى، سانائەت خەلق ئىگىلىكىدە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. 1998_يىلى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليارد 801 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949_يىلىدىكىدىن 327 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى % 6. 12 بولدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 1978_يىلىدىن 1998_يىلىغىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى % 4. 11 بولدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى % 2 پوئېنت ئاستا ئىدى. 1998_يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا قۇرۇلغان سانائەت كارخانىلىرى 61 مىڭ 100 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار 217؛ مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 78 مىليارد 63 مىليونغا يېتىپ، 1978_يىلىدىكىدىن 27.4 ھەسسە ئاشتى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىدىمۇ بىر قەدەر كەڭ_كۆلەمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشلەر بارلىققا كەلدى، ئايرىم مەھسۇلاتلار مەملىكەتتە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خام نېفىت 16 مىليون 280 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1978_يىلىدىكىدىن 61. 3 ھەسسە ئاشتى؛ تەبىئىي گاز 2 مىليارد 378 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ 48. 8 ھەسسە ئاشتى؛ كۆمۈر 29 مىليون 270 مىڭ توننىغا يېتىپ، 71. 1 ھەسسە ئاشتى؛ توك چىقىرىش مىقدارى 15 مىليارد 776 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 6.45 ھەسسە ئاشتى؛ شېكەر 475 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 9. 21 ھەسسە ئاشتى؛ يىپ 220 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ 87. 6 ھەسسە ئاشتى؛ خىمىيۋى ئوغۇت 520 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ 7. 24 ھەسسە ئاشتى؛ پولات 1 مىليون 76 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 7. 11 ھەسسە ئاشتى؛ سېمونت 7 مىليون 289 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ 34. 8 ھەسسە ئاشتى. سانائەت قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتى. يېنىك، ئېغىر سانائەت قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، پۈتكۈل سانائەتتە، يېنىك، ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتى 1978 _ يىلىدىكى 6. 41: 4. 58 تىن 1998_يىلى 30.8 : 2. 69 گە تەڭشەلدى، بۇ، سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەدرىجىي ھالدا «ئىستېمال تىپى» دىن ئىبارەت يېنىك تىپ قۇرۇلمىسىدىن «مەبلەغ سېلىش تىپى»دىن ئىبارەت ئېغىر خىمىيىلىك سانائەت تىپى قۇرۇلمىسىغا ئۆزگىرىۋاتقانلىقى، سانائەتلەشىش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى قەدەم بىلەن ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ؛ سانائەت كەسىپ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، نېفىت، كۆمۈر، ئېلېكتر كۈچى قاتارلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى سانائىتى ۋە توقۇمىچىلىق، يېمەك_ئىچمەك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلىنىپ، 1998_يىلى، ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ۋە 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى مۈلكى بولغان غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قوشۇمچە قىممىتىدە، نېفىت، تەبىئىي گاز ئېچىش ۋە نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ قوشۇمچە قىممىتى %60 نى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەسپى % 8. 4 نى، توقۇمىچىلىق كەسپى % 7. 4 نى، يېمەك_ئىچمەك سانائىتى %4. 6 نى ئىگىلىدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، يېمەك_ئىچمەك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ كەسىپنىڭ قوشۇمچە قىممىتى پۈتۈن سانائەتنىڭ قوشۇمچە قىممىتىدە %75 نى ئىگىلىدى.

**ـ مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ مىقدارى مول بولدى.** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدا كەڭ_كەلەمدە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، 1950_1998_يىلىغىچە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 316 مىليارد 85مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1979_يىلىدىن 1998_يىلىغىچە سېلىنغان مەبلەغ 262مىليارد 671مىليون يۈەنگە يېتىپ، 50 يىلدا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %83تىنى ئىگىلىدى؛ بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى، ئېنېرگىيە مەنبەسى، قاتناش قاتارلىق ئاساسىي كەسىپ ۋە ئاساسىي ئەسلىھەلەرگە سېلىنغان مەبلەغ كۆپەيتىلدى، 50يىلدىن بۇيان، ئېنېرگىيە مەنبەسىگە سېلىنغان مەبلەغ پۈتۈن سېلىنغان مەبلەغنىڭ % 9. 35 تىنى، يېزائىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ % 9. 8نى، قاتناش، خەۋەرلىشىشكە سېلىنغان مەبلەغ %3. 11نى ئىگىلەپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ئېشىشىغا ئاساس سېلىندى؛ قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئومۇمىي تۈر 90مىڭدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تۈرلەر 167نى ئىگىلىدى، ئا-

ساسىي قۇرۇلۇشنى ئۆزگەرتىش تاماملانغان ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 164مىليون كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتىدىغان زور بىر تۈركۈم تۈرلەردە قۇرۇلۇش تاماملىنىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. تارىم نېفىتلىكى ۋە تۇرپان-قۇمۇل نېفىتلىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى تۆت چوڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايون ۋە 21-ئەسىردىكى قۇرۇقلۇقتىكى نېفىت سانائىتىدە ئىستراتېگىيىلىك ئىز باسار رايونغا ئايلاندى؛ ئۈرۈمچى نېفىت-خىمىيە باش زاۋۇتى، مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشى، 1-ئاۋغۇست پولات-تۆمۈر گورۇھى شىركىتى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، ئېۋىرغول كۆمۈر كېنى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار يېڭىدىن قۇرۇلدى؛ يېزا ئىگىلىك ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، قىزىل سۇ ئامبىرى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى يېڭىدىن قۇرۇلدى، 1998-يىلغا كەلگەندە سۇ ئامبىرىدىن 477-سى بارلىققا كېلىپ، ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 6مىليارد 660 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى؛ قاتناش ترانسپورت جەھەتتە، لەنجۇ-شىنجاڭ، چىڭخەي-شىنجاڭ، شىنجاڭ-شىزاڭ قاتارلىق تاشيوللار كەينى-كەينىدىن ياسالدى، ئۈرۈمچى-قەشقەر، ئۈرۈمچى-غۇلجا، كۈيتۇڭ-ئالتاي، مايتاغ-كورلا قاتارلىق غول لىنىيىلىك تاشيول ۋە چەرچەن-چاقىلىق قۇملۇق تاش يولى ياسالدى، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاڭسەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ شىنجاڭدا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى؛ 1963-يىلدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى، كورلا، ئالاتاۋ ئېغىزى، ئاقسۇ ۋە قەشقەرلەرگە كەينى-كەينىدىن رېلىس يانقۇزۇلدى؛ ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىگە ئۈرۈمچى ئايرودرومى قاتارلىق 12ئاساسلىق ئايرودروم يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى ئايرودرومى ئېلىمىزدىكى 6چوڭ خەلقئارا ئايرودرومنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 50 يىلدىن بۇيان، ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىش ۋە يېڭىلاش-ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى: 15مىليون 970مىڭ تونىنا تۆمۈر قېزىش؛ 21مىليون 980مىڭ تونىنا نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى، سىغىمچانلىقى 3مىليون 400مىڭ كىلوۋات كېلىدىغان گېنېراتورلار گورۇپپىسى، 1مىليون 310مىڭ تونىنا تۆمۈر، 680مىڭ تونىنا پولات تاۋلاش، 8 مىليون 870مىڭ تونىنا سېمونت، 790مىڭ تونىنا بىرىكمە ئاممىياك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بار بولدى، يېڭىدىن 1676كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا رېلىس يانقۇزۇلدى، 264 مىڭ كىلومېتىرلىق تاشيول ياسالدى، توقۇمىچىلىقتىكى ئۇرچۇق سانى 1مىليون 300گە يەتتى، شېكەر 555مىڭ 300تونىغا يەتتى. ئۆي-زېمىن كەسپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1998-يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە 134 ئۆي-زېمىن ئېچىش كارخانىسى بارلىققا كېلىپ، 1985-يىلدىن 1998 - يىلغىچە ئۆي-زېمىن ئېچىشقا سېلىنغان مەبلەغ جەمئىي 10مىليارد 164مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش تاماملانغان ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى جەمئىي 71مىليارد 891كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

**- قاتناش، پوچتا-تېلېگراف كەسپى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلدى.** شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن، ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا تۆمۈريولدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، پەقەت 3361كىلومېتىر كەلگۈدەكلا تاشيول بولۇپ، ئۇ شېغىل يول ئىدى. 50 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ قاتناش، پوچتا-تېلېگراف قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، تاشيول ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا 7دۆلەت يولىنى ئاساسىي ئومۇرتقا قىلىپ شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەي بىلەن، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا بىلەن، جەنۇبتا شىزاڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 70نەچچە ئۆلكە يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى؛ بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر ۋە 95% يېزا-بازارلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان تاشيول قاتناش تورى شەكىللەندۈرۈلدى. 1998-يىلى تاشيول قاتناش مۇساپىسى 32مىڭ 800كىلومېتىرغا يېتىپ، 1949-يىلدىكىدىن 8.75 ھەسسە ئاشتى؛ تاشيول سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. تۆمۈريول جەھەتتە، لەنجۇ-شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول غول لىنىيىسىنىڭ پۈتتۈرۈلۈشى بىلەن شىنجاڭدا تۆگە مىنىپ سەپەرگە چىقىدىغان، ئېشەك مىنىپ داۋان كېزىدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى؛ شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربكە سوزۇلۇشى ئاسىيا ياۋروپا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى تۇتاشتۇردى؛ لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قوشۇمچە لىنىيىسىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كورلا-قەشقەر لىنىيىسىگە رېلىس ياتقۇزۇلۇپ بولۇشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئاساس سالدى. 1998-يىلىغا كەلگەندە، تۆمۈريول ئارقىلىق توشۇش مۇساپىسى 2038كىلومېتىرغا يېتىپ، 1978-يىلدىكىدىن 1008كىلومېتىر ئاشتى. ئاۋىئاتسىيە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا دۆلەت ئىچىدىكى 40شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى 12ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) شۇنىڭدەك شياڭگاڭ ۋە 6خەلقئارالىق شەھەرنىڭ ئاۋىئاتسىيە تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا «قانات»ئاتا قىلدى. 1998-يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيەسىنىڭ ئۇچۇش مۇساپىسى 150مىڭ 500كىلومېتىرغا يەتتى. نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تۇرۇبا ئارقىلىق توشۇش تەدرىجىي كېڭەيمەكتە. 1998-يىلى، تۇرۇبىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1955 كىلومېتىرغا يەتتى. 1998-يىلى ھەر خىل توشۇش شەكىللىرى ئارقىلىق ئورۇندالغان مالنىڭ ئوبوروت مىقدارى 55مىليارد 360مىليون توننا كىلومېتىرغا، يولۇچىلارنىڭ توشۇلۇش مىقدارى 25مىليارد 690مىليون كىلومېتىرغا يېتىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1978-يىلدىكىدىن 4.18ھەسسە ۋە 9.18ھەسسە ئاشتى. پوچتا-تېلېگراف، خەۋەرلىشىش جەھەتتە، شىنجاڭدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننى قاپلايدىغان نۇركابېل غول لىنىيىسى بەرپا قىلىنىپ، ئاسىيا-ياۋروپا نۇركابېلى شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ ئۇزۇن يوللۇق لىنىيە يولىدا ئاپتوماتلاشتۇرۇش، سىفىرلاشتۇرۇش، تېلېفون ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتىنى پروگراممىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1998-يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوماتىك ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ سىغىمچانلىقى 114مىڭ 200 توچكىغا يېتىپ، 95%تىن كۆپرەك يېزا - كەنتلەرگە تېلېفون ئورنىتىلدى، تېلېفون 1 مىليون 480 مىڭغا يېتىپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 1978-يىلدىكى 0.8%تىن 9.5% كە ئۆرلىدى. پروگراممىلىق ئالماشتۇرۇش، نۇر كابېل ئارقىلىق خەۋەرلىشىش، سان-سىفىر ئارقىلىق خەۋەرلىشىش شىنجاڭنىڭ ئالاقىلىشىش تورىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قالدى؛ سىمسىز چاقىرغۇ، كۆچمە تېلېفون، كومپيۇتېر تورى قاتارلىق يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، 1998-يىلى سىمسىز چاقىرغۇنى ئىشلىتىدىغانلار 1 مىليون 500 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئىشلىتىدىغانلار 110 مىڭغا يەتتى.

**- ئاۋات ھەم قايناق ئىستېمالچىلار بازىرى دەسلەپكى قەددەمدە شەكىللەندى.** ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ بازارلىرىدا تەمىنلەش جىددىي ھالەتتە تۇراتتى، تاۋار مەنبەسى ئىنتايىن كەمچىل ئىدى، نۇرغۇن تاۋارلار بولۇپمۇ تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى نورمىلىق تەمىنلىنەتتى، مال بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش بېلەتلىرى 100 خىلدىن ئاشاتتى، بازار پۈتۈنلەي ئىقتىساد كەمچىل بازار ۋە ساتقۇچىلار بازىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە بازار سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، بازاردىكى تەمىنلەش - تەلەپ مۇناسىۋىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ، تەمىنلەش تەلەپنى قاندۇرالمايدىغان ھالەت ئاساسىي جەھەتتىن يوقالدى؛ 90%تىن كۆپرەك تاۋارلاردا تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىش ۋە تەمىنلەش-تەلەپ ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، «ساتقۇچىلار بازىرى» «ئىستېمالچىلار بازىرى»غا ئۆزگىرىش دەسلەپكى قەددەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئىستېمالچىلار كۆزنى چاقنىتىدىغان خىلمۇ خىل تاۋارلار ئالدىدا، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. 50 يىلدىن بۇيان، بازاردىكى تاۋارلارنىڭ كېلىش مەنبەسى يېتەرلىك بولۇپ، تۈرى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئىزچىل، تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، 1998-يىلى 32 مىليارد 752 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1950-يىلدىكىدىن 148 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979-يىلدىن 1998-يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.5% يىلىغا ئېشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 28 يىل (1950-1978- يىل) دىكىدىن 5.9% پوئېنت تېز بولدى. تاۋار ئىگىلىكى شەكىللىنىدىغان ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىلىپ، تاللا بازار، تەكشە باھالىق ماگىزىن، مەخسۇس دۇكان، زەنجىرسىمان ماگىزىن، مال سېتىۋېلىش مەركىزى، ئۇنىۋېرسال چوڭ تىپتىكى سودا سارىيى قاتارلىقلاردا توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش تورى شەكىللىنىشكە باشلىدى، شەھەر - يېزىلاردىكى قەرەللىك بازار سو-

دىسىدىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{3}$ قىسمىنى ئىگىلىدى.

**— ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارى روشەن ھالدا كۈچەيدى.** مالىيە كىرىمى زور دەرىجىدە كۆپەيدى، 1998-يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە كىرىمى 11 مىليارد 190 مىليون يۈەن بولدى (مەركەزنىڭ 2 خىل باج كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليارد 657 مىليون يۈەن بولۇپ، 1950-يىلدىكىگە قارىغاندا 299 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا 12.6% ئېشىپ باردى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979-يىلدىن 1998-يىلغىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى يىلىغا 11.8% كۆپەيدى؛ مالىيە چىقىمىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسى، سەھىيە، مائارىپ قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارغا قىلىنىدىغان چىقىمغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىندى. پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەڭشەش، تىزگىنلەش ئىقتىدارى روشەن ھالدا كۈچەيدى. 1998-يىلىنىڭ ئاخىرى پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىدىكى ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 133 مىليارد 658 مىليون يۈەن بولۇپ، 1978-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىگە قارىغاندا 40.7 ھەسسە ئاشتى؛ ھەر خىل قەرز پۇل قالدۇقى 131 مىليارد 841 مىليون يۈەن بولۇپ، 712 ھەسسە ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا ئاساس بولىدىغان ئەڭ مۇھىم مەبلەغ مەنبەسى بولۇپ قالدى؛ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى كەسپىدە ئەنئەنىۋى ئامانەت قەرز ئىشلىرىدىن باشقا، پۇل مۇئامىلە زايومى، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ سېلىشنى ھاۋالە قىلىش، پاي چېكى فوندى سودىسى، تاشقى قەرز، تاشقى پېرېۋوت كەسپىمۇ تەرەققىي قىلدى، خەلق بانكىسى ئۆسۈم پىرسەنتى ۋە ئېھتىيات فوندى قاتارلىق پۇل-مۇئامىلە ئىشلىرى پىشاڭى ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تەڭشەپ-تىزگىنلەپ كەلدى. يېقىنقى 10 يىلدا ئۆسۈم پىرسەنتى 13 قېتىمدىن ئارتۇق ئۆزگەرتىلىپ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ تۇراقسىزلىقى روشەن ھالدا ئاجىزلاشتۇرۇلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، «ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى» بىلەن «مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى»نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈگەتتى؛ بولۇپمۇ 1993-يىلدىن كېيىن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدا ئەڭ ئېغىر بولغان بىر قېتىملىق پۇل پاخاللىقىغا قارىتا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارچە سېتىلىدىغان مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتىنى 1994-يىلدىكى 25.8% تىن 1998-يىلدىكى 0.3% كە چۈشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىساد بىر ئۆرلەپ، بىر چۈشۈشتەك ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، «بىخەتەر قونۇش» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇردى.

**— شەھەرلەشتۈرۈش قەدىمى تېزلەتتى.** دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدا پەقەت دىخۋادىن ئىبارەت بىرلا شەھەر بار ئىدى. 50 يىل تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ۋە شەھەرلەشتۈرۈش قەدىمى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. 1998-يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدا ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2 گە، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەر 1 گە، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 16 گە، تۈزۈم ئورناتقان بازار 177 گە تەرەققىي قىلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 6 مىليون 164 مىڭ 700 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978-يىلدىكى 27% تىن 1998-يىلدىكى 35.3% كە ئۆرلىدى. شەھەرلەردىكى ئاممىۋى ئاساسىي ئەسلىھەلەر كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ، شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇنقى «شامال چىقمىسىمۇ توپا ياغىدىغان، يامغۇر ياغسا ھەممە جاي پاتقاق بولىدىغان» چۆلسىمان مەنزىرىنىڭ ئورنىنى گۈزەل، رەتلىك، دەل-دەرەخلەر بىلەن بۈركەلگەن ئاۋات مەنزىرە ئىگىلىدى. مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى روشەن ھالدا كۈچەيدى، 1998-يىلى 19 شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 56.5% تىنى تەشكىل قىلدى. ئۈرۈمچى 1 مىليون 500 مىڭ ئاھالىگە ئىگە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. قاراماي، شىخەنزە، كورلا، غۇلجا، كۈيتۇڭ، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىغا بولغان رادىئاكسىيىلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رولى بارغانسېرى چوڭايماقتا. رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز بولدى، يۇغۇرۇلما ئىگىلىك ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، ناھىيە-شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈچەيدى، رايونلارنىڭ كەسپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۈنىدىن-

كۇنكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي تۆپىلىك ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي بەلۋېغى تىرەك قىلىنغان، تۆمۈر يول ۋە تاش يول ئاساسىي لىنىيىسى تايانچ، رايون شەھەر خاراكتېرلىك ۋە ۋىلايەت خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي مەركىزىي شەھەرلەر تايىنىش نۇقتىسى قىلىنغان ھالدا رايون ئىقتىسادىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى.

## 4. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلدى

**ــ ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.** شىنجاڭ 8 دۆلەت بىلەن چېگرىداش بولۇپ، تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئۇستۇنلۇككە ئىگە. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي خاسىيەتلىك جاي دۇنياغا دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. 20 يىلدىن بۇيان، «ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش، غەربكە مايىل بولۇش، سىرتتىن كىرگۈزۈپ ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، چېگرىنى ئېچىش ئالدىنقى سەپ قىلىنغان، تۆمۈر يول ياقىسىنى ئېچىۋېتىش ئارقا تىرەك قىلىنغان، «قوش لىنىيە» (چېگرا لىنىيىسى، تۆمۈر يول ياقىسى) لىك شەھەرلەرنى ئېچىۋېتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان، نۇقتا بىلەن لىنىيە بىرلەشتۈرۈلگەن، نۇقتا ئارقىلىق دائىرە يېتەكلەنگەن شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىپ كەلگەن بېكىنمە، يېرىم بېكىنمە ھالىتى تەدرىجىي ئۆزگەرتىلدى. 1998-يىلى، شىنجاڭ 58 ناھىيە (شەھەر) نى ئېچىۋەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 33 چېگرا ناھىيە (شەھەر)نىڭ ھەممىسى ئېچىۋېتىلدى، 6 شەھەر چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇردى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى قىلىندى)؛ سىرتقا قارىتا 15 چېگرا ئېغىزى ئېچىۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ھاۋا قاتناش ئېغىزى، 13 قۇرۇقلۇق ئېغىزى بار.

**ــ تاشقى سودا ئىشلىرىدا ئۇلۇغ ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.** 1998-يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 532 مىليون دوللار بولۇپ، بۇ 1978-يىلدىكىدىن 3. 64 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 9. 19 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 808 مىليون دوللار بولۇپ، 2. 85 ھەسسە كۆپەيدى، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 724 مىليون دوللار بولۇپ، 50.4 ھەسسە كۆپەيدى. 1979 ــ يىلدىن 1998-يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت -ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى جەمئىي 11 مىليارد 752 مىليون دوللار بولۇپ، ئالدىنقى 28 يىلدىكى (1950_1978) ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 16.7 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىپ، تاشقى سودا ئېكسپورتىنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى پۇختا قەدەم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تاشقى سودا ئېكسپورتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978-يىلدىكى %0.4 تىن، 1998-يىلدىكى % 5.3 كە ئۆرلىدى؛ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى، 1998-يىلى سانائەت تەييار مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى % 78.1 بولۇپ، 1981-يىلدىكىدىن %66 پوئىنت ئاشتى، دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. يەرلىك سودىدا بىردىنلا يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. 1998-يىلى، شىنجاڭنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن قىلىشقان ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 870 مىليون دوللارغا يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىمپورت -ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ % 56.8 تىنى تەشكىل قىلدى. تاشقى سودا بازىرى كۆنسېرى كۆپ مەنبەلەشتى. شىنجاڭ بىلەن ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسى قىلىشقان دۆلەت ۋە رايونلار 80 دىن ئاشتى، «شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتۇش، شىنجاڭنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن» 1992-يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئۇدا 7 قېتىم ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد-سودا كېڭىشىش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

**ــ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.** شىنجاڭ 1980-يىلدىن باشلاپ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلانغان بولۇپ، 1998-يىلىغا كەل-

گەلدە، جەمئىي 3 مىليارد 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامى تۈزۈلۈپ، ئەمەلىيەتتە 2 مىليارد 406 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 320 مىليون دوللارغا يەتتى. ئەمەلىيەتتە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 597 بولۇپ، چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 3.9% تىنى ئىگىلىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 1980-يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان جۇڭگو-چەت ئەل ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ توقۇمىچىلىق كەسپىدىكى جۇڭگو، چەت ئەل ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سالغان تۇنجى كارخانا ھېسابلىنىدۇ.

**— خەلقئارا ساياھەت ئىشلىرى گۈللەندى.** شىنجاڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە خىلمۇ-خىل ئۆرپ-ئادەت، مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. 1978-يىلى، شىنجاڭ خەلقئارادىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن ئاران 88 نەپەرنى كۈتۈۋالغان بولسا، 1998-يىلىغا كەلگەندە 206 مىڭ 600 نەپەرنى كۈتۈۋالدى. 1978-يىلىدىن 1998-يىلىغىچە، جەمئىي 1 مىليون 920 مىڭ ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. دېمەك، ساياھەتچىلەر يىلىغا 47.4% كۆپەيدى. خەلقئارا ساياھەت ئىشلىرىدىن قىلغان كىرىمى 403 مىليون دوللار بولۇپ، يىلىغا 24.3% ئاشتى. 1992-يىلىدىن بۇيان، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش، چېگرا ئاھالىلىرى بازىرى قاتارلىقلار كۈندىن-كۈنگە ئاۋاتلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. 1998-يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدا يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدىن 66 سى، تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايوندىن 20 سى، نۇقتىلىق مەنزىرە رايونى ۋە ئېكسكۇرسىيە نۇقتىسىدىن 300 ى بار بولدى.

## 5. شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى

**— ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى ھەسسىلەپ كۆپەيدى.** 1998-يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان دارامەت 5131 يۈەن بولدى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە 1.72 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.7% كۆپەيدى؛ دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 1600 يۈەن بولدى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 3.17 ھەسسە كۆپەيدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.3% ئاشتى. شەھەر يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، 1998-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 75 مىليارد 914 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978-يىلىدىكىدىن 107.5 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئامانەت سوممىسى 1978-يىلىدىكى 57 يۈەندىن شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، 1998-يىلىدىكى 4345 يۈەنگە يېتىپ، 75.2 ھەسسە كۆپەيدى؛ ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە مۈلكىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئۆي مۈلكىنىڭ شەكىللىنىشى كۈندىن-كۈنگە كۆپ مەنبەلەشتى، ئامانەت قويغان پۇلدىن باشقا، پاي چېكى قاتارلىق قىممىتى بار ئاكسىيە، جەمئىيەتتىن توپلانغان مەبلەغ، قولدا بار نەق پۇل قاتارلىقلار ئاھالىلەر مۈلكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. 1998-يىلى ھەر بىر شەھەر ئاھالىسىغا مال-مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 47.92 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1988-يىلىدىكىدىن 7.87 ھەسسە كۆپەيدى.

**— شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى روشەن ئۆستى.** شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشتىن تەدرىجىي ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئىستېمال قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتى، ئىستېمال ھەرىكىتى ئىلگىرىكى سانىنى كېڭەيتىشتىن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەردى. 1998-يىلى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئېگېل كوئېففىتسېنتى 44.7% بولۇپ، 1980-يىلىدىكىدىن 12.6% تۆۋەنلىدى؛ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئېگېل كوئېففىتسېنتى 1980-يىلىدىكى تەخمىنەن 59.5% تىن 1998-يىلىدىكى 48% ئۆپچۆرىسىگە تۆۋەنلەپ، 11% پوئېنتقا چۈشتى. يېمەك-ئىچمەك ئىستېمالىدا نوقۇل تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشتىن ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، قولايلىق، ساقلىقنى ساقلاشقا پايدىلىق تېز يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياسالدى؛ كىيىم-كېچەك ئىستېمالىدا ئىسسىق، چىدامىلىق كىيىملەرنى سېتىۋېلىشتىن چىرايلىق، يارىشىملىق مودا كىيىملەرنى سېتىۋېلىشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياسالدى؛ ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار ئىستېمالىدا ئىشلىتىلىشكە ئەھمىيەت بېرىشتىن كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىش، ۋېلسىپىت، كىيىم تىكىش

ماشىنىسى، قول سائىتى، رادىئو قاتارلىق چىدامىلىق، ئەنئەنىۋى «4 چوڭ» ئىستېمال بۇيۇمىدىن رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، بىرىكمە ئاۋاز ياڭراتقۇچ بەلگە قىلىنغان «يېڭى 4 چوڭ» ئىستېمال بۇيۇمىغا ئۆتۈش ھالىتى شەكىللەندى. ئاساسلىق ئائىلە ئېلېكتر ئىستېمال بۇيۇملىرى شەھەرلەردە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ، ھەتتا دەۋرىي يېڭىلىنىشقا باشلىدى، يېزىلاردا چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىمۇ تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. شەھەر-بازارلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلاندى، شەھەر-بازارلاردىكى ئاھالىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1980-يىلىدىكى 5.42 كۋادرات مېتىر ۋە 7.8 كۋادرات مېتىردىن 1998-يىلىدىكى 14.45 كۋادرات مېتىر ۋە 16.2 كۋادرات مېتىرغا كېڭەيدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمى تېزلىتىلدى، 20 يىلدىن بۇيان، يېزىلاردا ئاھالىنىڭ نامراتلىشىش نىسبىتى 1979-يىلىدىكى $\frac{1}{3}$ قىسمىدىن 1998-يىلىدىكى 10% ئەتراپىغا تۆۋەنلىتىلدى. يېزىلاردا ھاللىق سەۋىيىنىڭ ئىشقا ئېشىش نىسبىتى 70% كە يېتىپ، شەھەرلەردە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شەھەر-بازارلاردا 5 كۈنلۈك ئىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوتتۇرىچە سالامەتلىك ئەھۋالى، ئوزۇقلىنىش سەۋىيىسى، مۆلچەرىي ئۆمرى، ئوتتۇرىچە تەربىيە ئېلىش دەرىجىسى قاتارلىق تۇرمۇش سۈپىتى ھەممە پۇقرالارنىڭ ساپاسى ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى.

## 6. ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى

**— نوپۇسنى تىزگىنلەش خىزمىتىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.** 1975-يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭدا پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىندى، بولۇپمۇ 1982-يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى تەشۋىقاتى، تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىش، ئىشىك ئېچىۋېتىلىشتىن ئىلگىرىكى نوپۇسنى تىزگىنلىيەلمەسلىكتەك ۋەزىيەت ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىش، ئىشىك ئېچىۋېتىلىشتىن ئىلگىرىكى 1957-يىلىدىن 1977-يىلىغىچە بولغان 20 يىلدا، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 5 مىليون 580 مىڭ 100 كىشىدىن شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 12 مىليون 89 مىڭ 700 كىشىگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.94% كۆپەيدى؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1978-يىلىدىكى 12 مىليون 330 مىڭ 100 دىن 1998-يىلىدىكى 17 مىليون 473 مىڭ 500 گە كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.76% كۆپەيدى، بۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىش، ئىشىك ئېچىۋېتىلىشتىن ئىلگىرىكى 20 يىلدا نوپۇسنىڭ يىللىق كۆپىيىش سۈرئىتىدىن يېرىمىدىن كۆپرەك ئاستىلىدى. پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا 8 مىليون 500 مىڭ ئادەم ئاز تۇغۇلدى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 1998-يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. نوپۇسنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەر 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى تەربىيىگە ئىگە بولغانلار 1964-يىلىدىكى 64 نەپەردىن 1995-يىلىدىكى 1087 كىشىگە كۆپىيىپ، 16 ھەسسە كۆپەيدى؛ ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىز نوپۇسنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى 37.95% تىن 9.35% كە تۆۋەنلىدى.

**— پەن-تېخنىكا ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئالغا باستى.** 50 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ پەن-تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. 1998-يىلىنىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى كەسىپلەردىكى تېخنىك خادىملار 440 مىڭغا يېتىپ، 1978-يىلىدىكىدىن 42 ھەسسە كۆپەيدى. ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مۇستەقىل تەتقىقات قىلىش ۋە ئېچىش ئورگىنىدىن 127 سى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت كارخانىسى ھەممىدە تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش ئورگىنىدىن 52 سى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن-تېخنىكا كارخانىسىدىن 500 دىن كۆپرەكى بار بولۇپ، پەن-تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 36 مىڭ نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىم ۋە ئىنژېنېردىن 27 مىڭ نەپەر بار. پەن-تېخنىكىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 50 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا چوڭ-چوڭ پەن-تېخنىكا نەتىجىسىدىن جەمئىي 6637 سى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1990-يىلىدىن بۇيان جەمئىي 5086 خىل نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئالدىنقى 30 يىلدىكىنىڭ 3.28 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 99 تۈر بولۇپ،

جۇڭگو مىرىنوس قويىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قۇملۇق تاشيولىنى ياساش تېخنىكىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەر خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. «ئۇچقۇن» پىلانى، «مەشئەل» پىلانى، «شىنجاڭنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى قاتارلىق پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تېخنىكا بازىرى ساغلام تەرەققىي قىلدى. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى زور بولدى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ نىسبىتى 80-يىللاردىكى $\frac{1}{4}$ ئەتراپىدىن ھازىرقى 40% ئەتراپىغا، سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ نىسبىتى 25% ئەتراپىدىن 90-يىللاردىكى 30% ئەتراپىغا كۆپەيدى.

**— مائارىپ ئىشلىرى سالماق قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى.** 1998-يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 1949-يىلىدىكى 1 دىن 17 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 400 دىن 47 مىڭ 500 گە كۆپەيدى؛ 50 يىلدىن بۇيان، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى جەمئىي 156 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە 1979-يىلدىن 1998-يىلغىچە مەخسۇس كۇرس، تولۇق كۇرس بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 132 مىڭ 100 بولۇپ، 1949-يىلدىن 1978-يىلىدىكىسىغىچىدىن 4.5 ھەسسە كۆپ بولدى، ھازىر دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرەلەيدىغان كەسپىي ئورۇندىن 99 بار بولدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2000 دىن 82 مىڭ 300 گە كۆپەيدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 47% تىنى تەشكىل قىلدى؛ ئاساسىي مائارىپنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويغان ناھىيە (شەھەر، رايون) 43 كە يەتتى؛ ھەر خىل چوڭلار مائارىپى ئىشلىرى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى؛ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك كەسپىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1998-يىلى ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار 2 مىليون 460 مىڭ 700 نەپەر بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 67% تىنى تەشكىل قىلدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 20 يىلدىن بۇيان 2 مىليون 430 مىڭ كىشى ساۋاتلىق قىلىندى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 2% گە تۆۋەنلىتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تەربىيە ئالغان نوپۇسنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

**— مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرى گۈللەپ راۋاجلاندى.** شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر گۆھەر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈزەل، رەڭگارەڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى ياراتتى. 1998-يىلغىچە ئەدەبىيات -سەنئەت ئۆمەكلىرى 89 غا، مەدەنىيەت يۇرتى 91 گە، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 73 كە، مۇزېيخانا 23 كە، ئارخىپخانا 140 قا، رادىئو ئىستانسىسى 6 گە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 18 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە رادىئونىڭ ئاھالىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 82.9% گە، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 84.5% كە يەتتى. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن-ھۈسەن»، «مۇقام ئەجدادلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر سەنئەت ئەسەرلىرى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «جۇڭخۇا مەدەنىيەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بىر تۈركۈم قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە ئەدەبىيات -سەنئەت ئەسەرلىرى شىنجاڭدىن چىقىپ، دۇنياغا يۈزلەندى: تەڭرىتاغ كىنو ستودىيىسى ئىشلىگەن «ئارتىس بولمايدىغان قىز»، «مەمەت ھەققىدە لەتىپە»، «ۋىجدان» قاتارلىق ھېكايە فىلىملەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى تاماشىبىنلار ياخشى كۆرىدىغان مۇنەۋۋەر فىلىملەردىن بولۇپ قالدى. كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ تۈرلىرى ۋە سانى ھەسسىلەپ ئاشتى، گېزىتنىڭ تۈرى 1952-يىلىدىكى 4 خىلدىن تەرەققىي قىلىپ، 1998-يىلى 87 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى گېزىتتىن 43 خىلى بار. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى-مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرى كەڭ قانات

يايدۇرۇلدى.

**ـ سەھىيە ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى.**

1998ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى 6615 كە يېتىپ، 1949 ـ يىلى ۋە 1978ـ يىلدىكىسىنىڭ 123 ھەسسە ۋە 1.56 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە دوختۇرلۇق پونكىتى 1351 بولۇپ، 27.1 ھەسسە ۋە 67.6% كۆپەيدى؛ كارىۋات سانى 71 مىڭ 100 گە يېتىپ، 101 ھەسسە ۋە % 23.3 ئاشتى؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 97 مىڭ 600 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرلار 43 مىڭ 200 كىشى بولۇپ، 526 ھەسسە، 56. 1 ھەسسە ئاشتى. يېزىلارنىڭ داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى؛ سەھىيە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، ھازىر شەھەر، يېزىلاردا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سەھىيە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللىكلەرنى داۋالاش خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئانا ـ باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، مىللىي دورىگەرلىك، داۋالاش سانائىتىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؛ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، يەككە سەھىيە-داۋالاش ئىشلىرى ھەممە ئائىلىلەرگە باغلاندى، ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە مۆلچەرى ئۆمۈر كۆرۈشى 1949ـ يىلدىكى 30 ياشتىن 1982ـ يىلىدىكى 60 ياشقا، ھازىر 7. 65 ياشقا ئۇزارتىلدى، كىشىلەرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئېڭى ئۆستۈرۈلۈپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىن ساقلىقنى ساقلاشقا بۇرالدى، چېنىقىش ۋە ساغلاملىق ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

**ـ تەنتەربىيە ئىشلىرىدا يېڭى نەتىجىلەر يارىتىلدى.**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماھارەت تەنتەربىيە سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭلىق تەنھەرىكەتچىلەر خەلقئارالىق رەسمىي مۇسابىقىلەردە 17 دانە ئالتۇن مېدال، 16 دانە كۈمۈش مېدال، 15 دانە مىس مېدالغا ئېرىشتى، مەملىكەت ئىچىدىكى مۇسابىقىلەردە 240 دانە ئالتۇن مېدال، 234 دانە كۈمۈش مېدال، 230 دانە مىس مېدالغا ئېرىشتى، ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش، سېرىك، بوكس، تاۋقا چىقىش قاتارلىق تۈرلەردە مەملىكەت ئىچىدە بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلىدى؛ ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرى ھاياتىي كۈچكە تولدى، رادىئو گىمناستىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش-كېڭەيتىش پائالىيىتى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى ھەرقايسى جايلاردا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك تەنتەربىيە، چېنىقىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىۋاتقان ئاھالە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ % 3 ـ 4 تىن ھازىرقى 35% كە كۆتۈرۈلدى، % 86 ئوقۇغۇچى دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمىگە يەتتى.

**ـ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى پەيدىنپەي شەكىللەندى.**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىغا ماس كېلىدىغان كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى پەيدىنپەي ئورنىتىلدى. شىنجاڭنىڭ رايون ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى رەسمىي شەكىللىنىشكە باشلىدى، كارخانىلار ياشانغانلارنى بېقىش سۇغۇرتىسىنى ئۆزلىرى چىقىم قىلىشتىن جەمئىيەت بىر تۇتاش غەملەشكە ئۆزگەرتىلدى، 1998ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا شەھەر-بازارلاردىكى 881 مىڭ ئىشچى-خىزمەتچى ئاساسلىق ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ % 29.5 تىنى ئىگىلەيدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە 49 ناھىيە (شەھەر)دە يېزا ئىجتىمائىي ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، يېزا ئىجتىمائىي ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى % 10 كە يەتتى؛ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمى قانۇنلىشىش، ئۆلچەملىشىش ئىزىغا سېلىندى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 10مىڭغا يېقىن كارخانىدىكى 1 مىليون ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ نىسبىتى % 95 تىن يۇقىرى بولدى؛ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى،

كارخانىلاردا ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى -خىزمەتچىلەر 25 مىڭ كىشىگە يەتتى؛ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تۈزۈمى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتى، ئائىلىدىكە ئۇچرىغانلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، 15 ناھىيە (شەھەر)دە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

**- مۇھىت ئاسراش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈمگە ئېرىشتى.** ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، ئىگىلىكنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچەيتىلدى، سانائەتنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز سۇ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىش ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، سانائەتتە كېرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈنۈمى 70% كە يەتتى، سانائەتتە كېرەكسىز گازلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈنۈمى 87% كە يەتتى، شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى، شەھەرلەردە گاز ئىشلىتىش ئۈنۈمى 88.4% كە يېتىپ، شەھەر ھاۋاسىنىڭ مۇھىت سۈپىتى بەلگىلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى، ئورماننىڭ قاپلىنىش نىسبىتى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى 1.03% تىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھازىر 1.68% كە يەتتى؛ 85% تېرىلغۇ يەرنى ئورمان بەلۋېغى قوغداپ تۇرىدۇ؛ شىنجاڭدا 21 تەبىئىي قوغداش رايونى بەرپا قىلىنىپ، قوغدىلىدىغان يەر كۆلىمى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 6% تىنى ئىگىلەيدۇ.

## 7. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىدا زور تۆھپىلەر يارىتىلدى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 1954-يىلى 10-ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان. 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەنئەن-نەنىنىۋەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرىنى قوغداپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، چېگرا رايوننى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىگىلىك تىكلىگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە شىنجاڭدا بىرىنچى تۈركۈمدىكى پولات زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، سېمونت زاۋۇتى، كۆمۈر كان قاتارلىق سانائەت، كان كارخانىلىرىنى قۇرغان بولۇپ، بۇ كارخانىلارنى كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەتكە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى.

40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مىللىي ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىكىدە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىدى. 1998-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئومۇمىي ئاھالىسى 2 مىليون 407 مىڭ 100 كىشىگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 13.8% تىنى ئىگىلىدى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 16 مىليارد 349 مىليون يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكىنىڭ 14.7% تىنى ئىگىلىدى؛ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 379 مىڭ تونىنغا، پاختىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 553 مىڭ تونىنغا، مايلىق داننىڭ مەھسۇلات مىقدارى 124 مىڭ تونىنغا، قىزىلچىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 277 مىڭ تونىنغا يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 16.6%، 43.3%، 34.5%، 45.9% تىنى ئىگىلىدى. بىڭتۇەننىڭ سانائىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، پاختا يىپ، پاختا رەخت، فابرىكا قەغىزى، قەغەز پەنەركە، شېكەر قاتارلىق نەچچە ئون خىل سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي

مەھسۇلات مىقدارىنىڭ $\frac{1}{3}$ ئەتراپىنى ئىگىلىدى، بىڭتۈەننىڭ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىش سوممىسى 4 مىليارد 610 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكىنىڭ 14.1% نى ئىگىلىدى؛ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 285 مىليون دوللار بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكىنىڭ 18.6% نى ئىگىلىدى. بىڭتۈەندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، 1998-يىلى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5700 يۈەنگە يەتتى؛ پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە خېلى زور تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى.

## گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالى

يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى كۈرمىش مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە، چەكسىز خۇشاللىق ۋە پەخىرلىنىش ھېس قىلماي تۇرالمايمىز، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، قاينىق ھاياجان ئىلكىدە، تولۇپ-تاشقان ئىپتىخارلىق ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. ئەسىر ئالمىشىدىغان تارىخىي پەيتتە، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى، غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى كۆمۈلۈپ ياتماقتا. شىنجاڭ مول سۇ، تۇپراق بايلىقى، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ۋە نېفىت - تەبىئىي گاز بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، يېرىك يېزا ئىگىلىكى ۋە تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە؛ شىنجاڭ ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، غەربكە ئېچىۋېتىش ۋە تاشقى سودىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى شارائىتقا ئىگە؛ پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، مەركەز ئوتتۇرا - غەربىي قىسىمدىكى رايونلارغا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىشنى قارار قىلدى؛ 1998-يىلى 7-ئايدا باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە تەكىتلەپ: شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە رايون، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئومۇمىيلىقتا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە كاپالەتلىك قىلىشتا، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دېگەن. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ سۆزى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ياخشى پۇرسەت؛ 50 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى، ئاساسىي سانائەت، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە پايدىلىق شارائىتقا ئىگە، شىنجاڭنىڭ 21-ئەسىردە ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىدىكى مۇھىم نۇقتىغا ئايلىنىشىدا ئۈمىد بار.

10-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەمدە 2010-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى: پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش؛ «3 كە پايدىلىق بولۇش»نى تۈپ ئۆلچەم قىلىپ، بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، كەسىپنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي ئىگىلىكنىڭ پۈتكۈل ساپاسىنى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ «نېفىت، پاختا» نى مۇھىم نۇقتا قىلغان بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى كەسىپ ئەۋزەللىكىگە، ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنى 21-ئەسىردە ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىدىكى مۇھىم نۇقتىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاساس تىكلەش.

# «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە

مەمتىلى دانى

«3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىدىن رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان بىر قېتىملىق زور ئىستىل تۈزەش تەربىيىسى. بۇ تەربىيە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ئۆتۈپ، ھازىر نازارەت، ئىدارە ۋە باشقارما (ناھىيە)دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلماقتا. كۆزىتىشلەردىن قارىغاندا، نازارەت ۋە باشقارما قاتلىمىدىكى كادىرلارنىڭ سانى كۆپ، ساھەسى ھەر خىل، دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىگە بولغان تونۇشى ۋە بۇ تەربىيە ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش جەھەتتىكى ئىشەنچىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرق بىر قەدەر زور بولماقتا. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ تەربىيىگە قاتنىشىش جەريانىدىكى ئۆگىنىش، تەجرىبىلىرىم ۋە تەسىراتلىرىمغا ئاساسەن،نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان ئەھۋاللارغا قارىتا تۆۋەندىكى بىر قانچە قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. تەربىيىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىكى سەۋەبنى ياخشى چۈشىنىش لازىم.** بۇ، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنى مەقسەتلىك ۋە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ ئارقىلىق مەسىلىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بەزى يولداشلار گەرچە، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىۋالغان بولسىمۇ، بىراق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر تەربىيىنى ئېلىپ بېرىشىدىكى سەۋەبنى دېگەندەك چوڭقۇر چۈشىنىپ كەتكىنى يوق. بۇ مەسىلە مەركەزنىڭ «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىشنى، سىياسىينى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرى»دە ۋە يولداش خۇجىنتاۋنىڭ «ئۆگىنىشنى، سىياسىينى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش تەربىيىسى بويىچە ئېچىلغان تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىدا قىلغان سۆزى»دە ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كونكرېت ئېيتقاندا، بۇنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرىنچىسى، يولداش خۇجىنتاۋنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە بەزى مەسىلىلەر خېلىلا ئېغىرلاپ كەتتى. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ غايە ۋە ئېتىقادىدا تەۋرىنىش كۆرۈلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان تونۇشى ۋە ئىشەنچىسى كەمچىل بولدى، مەسىلە ۋە قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدىغان، پارتىيىدىن مەرىنى ئۇزۇپ ئۆزىنىڭ كېيىنلىكى ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالدى؛ بەزىلەرنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى سۇسلاپ كەتتى، سىياسىي مەيدانى چەلگەشلىشىپ قالدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەقەللىي سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل بولدى، ئۇلار ئاق-قارىنى ئايرىمايدىغان، ياخشى-يامان ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيدىغان ياكى پرىنسىپلىق مەسىلىلەردىمۇ «مۆتىدىل»پوزىتسىيە تۇتۇپ، زىندىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىدىغان بولۇۋالدى؛ بەزىلەر ئۆزىنىڭ ۋە كىچىك گۇرۇھىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، مەركەزنىڭ سىياسىتىگە مەنپەئەت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلدى، دۆلەت مەنپەئىتىگە ۋە قانۇن-تۈزۈم، مەمۇرىي بۇيرۇقلارنىڭ بىردەك بولۇشىغا سەل قارىدى، ھەتتا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ جىنايەتنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتى؛ بەزىلەر ھەدېسىلا ھوقۇق تەمەسى قىلدى، ھوقۇق تالاشتى، يېقىنلىرىنى ئىشقا

قويدى، كادىرلار ئىچىدە جېدەللىشىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە تاكاللىشىپ يۈردى، پرىنسىپسىز، ئىناقسىزلىق پەيدا قىلدى، ھەتتا شەخسىي مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ۋاستە تالللىماي ھەرىكەت قىلىپ، بارغانسېرى ھالاكەت يولىغا قاراپ مېڭىۋەردى؛ بەزىلەر ئىستىل جەھەتتە چاكىنىلىشىپ، ساختىلىق، يالغانچىلىق قىلدى، نام-شەرەپنى دەپ شەكىلۋازلىققا بېرىلدى، چوڭچىلىق، ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق قىلىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى؛ يەنە بەزىلەرنىڭ يامان نىيىتى كۆچىيىپ، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، پارا بېرىپ ۋە پارا قوبۇل قىلىپ چىرىكلەشتى ياكى چۈشكۈنلەشتى. ئىككىنچىسى، مەركەز قالاق ۋە ئارقىدا قالغان دۆلەت ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بىزنىڭ بەزى رەھبىرىي يولداشلىرىمىزنىڭ سىياسىيغا بولغان قارىشى سۇسلاپ كەتتى، بەزىلىرى تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى، ھەتتا سىياسىينى كۆزگە ئىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان بولۇۋالدى، بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىكى سىياسىينى تەكىتلەشنىڭ ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ھاجىتى قالمىدى، دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن سىياسىي مەسىلەرنى كۆرەلمەيدىغان، كۆرسىمۇ ئىستەك-سورىقىنى قىلمايدىغان، پرىنسىپنى نابۇت قىلىدىغان بولۇپ قالدى، نەتىجىدە ئۇلار سىياسىي تەلەپتىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋەردى، ھەتتا پۇل، مۈلۈكنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر بېرىپ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئاسىيغا، تارىخنىڭ جىنايەتكارىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۈچىنچىسى، بەزى رەھبىرىي كادىرلار بىلىم قۇرۇلما ۋە سىياسىي ساپا جەھەتتە يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمىدى، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە چۈشكۈنلەشتى، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ۋە ئۇنى چۈشەنمەيدىغان، كادىرلار ۋە ئاممىغا ياخشى رەھبەرلىك قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا نىسبەتەن ئاجىزلاش ئەھۋالى كۆرۈلدى. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۈگۈنكى يېڭى ۋە تىنچ دەۋردەكى، بولۇپمۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزىي ۋەزىپە قىلىنىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدىكى قۇرۇلۇشنى قانداق ئۇسۇل ۋە شەكىل بىلەن كۈچەيتىش جىددىي بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىلگىرىكىنى خۇلاسىلەش ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش ئاساسىدا پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رەھبىرىي خادىملارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ مۇھىمى، بارلىق پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، شۇنداقلا يەنە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ زۆرۈر دەرسى. ئۇنى ياخشى ئېلىپ بېرىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىمىزنى غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2. سىياسىينى تەكىتلەشنىڭ يادرولۇق رولىنى ئوبدان بىلىش لازىم.** «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنىڭ ھەر بىر مەزمۇنى ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقتىمۇ «سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش»ئۇنىڭ ئىچىدە يادرولۇق ئورۇن تۇتىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن: رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم مەسىلىلەرنى سىياسىي نۇقتىدىن كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئىقتىسادنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىنلا تەھلىل قىلىش، كەسىپنى كەسپىي جەھەتتىنلا سۆزلەش بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا ئىقتىسادنى ۋە كەسپىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نوقۇل ھالدا قوغلىشىپ، سىياسىيدىن ئايرىلىپ قالغاندا، بىلىپ بىلمەيلا نىشاندىن ئادىشىپ قېلىش يۈز بېرىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. كېيىن باش شۇجى جياڭ زېمىن يەنە: ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسىينى تەكىتلەش ۋە

توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت 3 مەزمۇن ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىقتا ۋە بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى «سىياسىينى تەكىتلەش»تىن ئىبارەت، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ يەردىكى سىياسىينى تەكىتلەش ئابستراكىت ئۇقۇم بولماستىن، ئەكسىچە مۇئەييەن كونكرېت مەنىگە ئىگە. يەنى ئۇ، رەھبىري كادىرلارنىڭ بۇ نۇقتىنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىپادە قىلىشىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈشىنى، بولۇپمۇ توغرا بولغان غايە ۋە ئېتىقادنى مۇستەھكەملەپ، ۋەزىيەتنى سىياسىي نۇقتىدىن توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر بولۇشىنى، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەردە باشتىن-ئاخىر سىياسىي ھوشيارلىق ۋە قەتئىيلىكنى ساقلىشىنى، دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، سىياسىي ئىدىيە، سىياسىي نۇقتىئىنەزەردىكى توغرىلىقنى، سىياسىي مەيدان ۋە سىياسىي پوزىتسىيە جەھەتتىكى قەتئىيلىكنى، سىياسىي نۇقتىدىن كۆزىتىش ۋە پەرق ئېتىشتىكى ئۆتكۈرلۈكنى ساقلاش ـ سىياسىينى تەكىتلەشنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە تەكىتلىنىۋاتقان 3 چوڭ مەزمۇننىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىدە «سىياسىينى تەكىتلەش» يادرو ۋە نىگىز، «ئۆگىنىشنى تەكىتلەش»نىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، «توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش»نىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. «سىياسىينى تەكىتلەش»ئالدى بىلەن سىياسىينى ئۆگىنىش ۋە سىياسىينى بىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

**3. ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.** «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمى ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. كۆپرەك كىتاب-ماتېرىيال ۋاراقلاپ قويۇش، سىياسىي جەھەتتىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ قويۇش ۋە ئاغزاكى ۋەدە بېرىپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا ھەم «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنىڭ ھەر بىر مەزمۇنىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش، ھەم بۇ تەربىيە داۋامىدىكى ئۆز-ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىش، مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە تۈزىتىش پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ۋە شۇ ئورۇننىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۆگىنىشكە، دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك قىلىش، چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بېرىلىش قاتارلىقلار بىر قىسىم رەھبىري كادىرلىرىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈۋاتقان تىپىك مەسىلىلەردۇر. بۇ مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇش يىلتىزىنى قازماي ۋە ئۇنى تۈپتىن تۈزىتىش ئىرادىسىگە كەلمەي تۇرۇپ، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا رەھبىري يولداشلار مەسىلىنى ئۆزىدىن، ئۆز تارمىقىدىن ئىزدەشكە، ئۆزىگە ۋە ئۆز تارمىقىغا باغلاپ سۆزلەشكە كۆپرەك كۈچۈشى كېرەك. زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى توغرا مەيداندا تۇرۇپ سەممىي پوزىتسىيە بىلەن چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىشى، مەسىلىدىن ئۆزىنى ئەپقاچماسلىقى، قۇرۇق نەزەرىيە ساتماسلىقى لازىم. لېكىن باشقىلارغا پىكىر بەرگەندە ئۆچ ئېلىش، زەربە بېرىش، قارا چاپلاشتەك يامان غەرەزلەردە بولماسلىقى كېرەك.

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش تارىختىن بۇيان پارتىيىمىز قوللىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى پرىنسىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 3 ئەۋلاد رەھبەرلىرى نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىن-

سىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر بىر ئىشتا جۇڭگونىڭ ئەمەلىيە-
تىنى چىقىش قىلىپ، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلىيەتكە
ئاساسەن تۈزۈپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇ-
رۇلۇش ئىشلىرىمىزنى تېز سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلەتكەن. يول-
داش خۇجىنتاۋ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسى يىغى-
نىدا قىلغان سۆزىدە «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربىيىسىنى
قانات يايدۇرۇشنى نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش
بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ياخشى ئۈ-
نۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ، دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا يولداشلار
نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت
بېرىپ، 1992-يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيى-
تىدە ساقلانغان ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا ۋە توغرا كەيپىياتقا
ئەھمىيەت بەرمەسلىك ھەمدە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ناچار
ئاقىۋەت ۋە تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئائىت مەسىلىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ
دۇنيا قارىشىغا تاقاپ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلى-
شى، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، مەسىلى-
لەرنى ۋاقتىدا ۋە ئۇزۇل-كېسىل تۈزىتىپ، كۆزلىگەن مەق-
سەتكە يېتىشى كېرەك.

**4. تەلەپنى يۇقىرى قويۇپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تىرى-
شىش لازىم.** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «3 كە ئەھمىيەت
بېرىش»تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىلا ئۇنى
چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش مەسى-
لىسىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاساسەن
شۇنداق بولدى. بىراق كۆزىتىشلەردىن قارىغاندا، بەزى ئو-
رۇنلار ۋە بەزى تارماقلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش»تەربى-
يىسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى چوڭقۇرلۇقى مەركەزنىڭ تەلى-
پىدىن تېخى يىراق تۇرماقتا. بەزىلەرنىڭ بۇ تەربىيىگە بول-
غان تونۇشى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئوپېرات-
سىيە قىلىشى چوڭقۇرلاشمايۋاتىدۇ، بەزىلەر ئېتىقاد، غايە ۋە
ئىشەنچ، سىياسىي مەيدانغا ئائىت مەسىلىلەرنى، پاكلىقتا
چېتىلغان ئەھۋاللارنى ئىگىزىدىن تولۇق ۋە كونكرېت
ئوتتۇرىغا قويمايۋاتىدۇ؛ ئۇلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ، يۇقىرى
ئۆلچەم قويماي، نەتىجىسىنى تولا سۆزلەپ، ئۆزىگە يۇقىرى
باھا بېرىپ، مەسىلىدىن گەپ ئاچمايۋاتىدۇ؛ ئابستراكت،
تومتاق ۋە نەزەرىيىۋى گەپلەرنى كۆپ قىلىپ، ھەممىنى
ئوبيېكتىپ سەۋەبكە ئارتىپ، ھەدېسىلا ئۆزىنى ئىزاھلاۋاتىدۇ؛
ھادىسە ئۈستىدىلا توختىلىپ، ماھىيەتكە ئۆتمەيۋاتىدۇ، ئاما
ۋە تەشكىل كۆرسەتكەن مەسىلىلەرگە يېقىنلاشماي ياكى
ئۇلارنى يۈزەكىلا تىلغا ئېلىپ، چوڭقۇرلۇق جەھەتتە كۈچە-
مەيۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار تۈزىتىلمىسە «3 كە ئەھمىيەت
بېرىش»تەربىيىسىنى ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە قىلغىلى بول-
مايدۇ. شۇڭا ھەر بىر رەھبىرىي كادىر بۇ مەسىلىگە سەممىي
ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، مەسىلىنى دۇنيا قاراش،
كىشىلىك تۇرمۇش قاراشقا قارىتىپ ۋە قىممەت قارىشى
نۇقتىسىدىن چوڭقۇر قېزىپ، سىياسىي جەھەتتىن كۆرۈ-
نەرلىك ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئىستىل جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك
بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشى، ئۆزىگە ماركسىزملىق سىياسى-
يون نۇقتىسىدىن يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، سىياسىي ساپاسىنى
ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئو-
مۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلىيەلەيدىغان ۋە ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلى-
يەلەيدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

يۇقىرى تەلەپ يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە
بۇرچ تۇيغۇسىدىن، كۈچلۈك چاكارلىق ئېڭىدىن كېلىدۇ.
رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرىنى ئادەتتىكى كىشىلەر ئورنىدا
قويماي، شۇ ئورۇن، شۇ تارماقنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ھەر قان-
داق بىر قىسمىدا ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەس-
ئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى شەرتسىز تونۇپ يەتكەن ۋە مەسى-
لىلەرگە مۇشۇنداق نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاندىن «3 كە ئەھ-
مىيەت بېرىش»تەربىيىسىنى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش
خاھىشىدىن ساقلانغىلى، بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنى تو-
لۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئۆزىنى
ياخشى ئۆزگەرتىپ، تەدبىرلەرنى ياخشى تۈزۈپ، تۈرلۈك
خىزمەتلەرنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.(04)

# سۇن جۇڭشەن ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاۋمېندىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىككە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ۋە داۋالغۇپ تۇرىدىغان مۇساپىنى باشلىدى. ئاۋمېن جۇڭگونىڭ پەۋقۇلئاددە شەھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدىكى بىر نەچچە قېتىملىق زور ئۆزگىرىش ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرى مەملىكەت ئىچىدە بىر قاتار يېڭىلاش، قانۇن ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىنى قوزغىدى، ئۇلار ئاۋمېننىڭ پەۋقۇلئاددە شەرت ـ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، يېڭىلاش، قانۇن ئۆزگەرتىش پائالىيىتى ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە داغدۇغا پەيدا قىلدى، ئاۋمېن بىر مەھەل ۋاقىت ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان جايغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىمۇ ئاۋمېننىڭ پەۋقۇلئاددە شەرت ـ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى پائال تۈردە قانات يايدۇردى، شىنخەي ئىنقىلابى ۋاقتىدا ۋە مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاۋمېن ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئاۋمېننىڭ ئۆزىدىمۇ يېقىنقى زامانغا ئۆتۈش مۇساپىسى پەيدىنپەي باشلاندى.

1895 ـ يىلىدىكى جياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرى ئاۋمېننىڭ پەۋقۇلئاددە شەرت ـ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋمېننى ئۇلارنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودىكى پائالىيەت بازىسى قىلدى. كاڭ يۇۋېي 1896 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاۋمېنغا كېلىپ، ئىنىسى كاڭ گۇاڭرېن ۋە باي سودىگەر خې يەنگۇاڭ قاتارلىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يېڭىلاش تەرەپدارلىرىنىڭ گېزىتى ـ «يېڭى بىلىم گېزىتى»نى چىقىرىشقا تەييارلىق كۆردى. ئەينى ۋاقىتتا لياڭ چىچاۋمۇ ئاۋمېنغا باردى. «يېڭى بىلىم گېزىتى» 1897 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رەسمىي نەشر قىلىندى. خې يەنگۇاڭ، كاڭ گۇاڭرېنلار باشلىق، لياڭ چىچاۋ، شۈي چىڭ قاتارلىق 8 كىشى ماقالە يازغۇچى بولدى. «يېڭى بىلىم گېزىتى» نىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، مۇپەسسەل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلەتتى، بولۇپمۇ مەملىكەت سىرتىدىكى ئېقىمدىكى سىياسىي، پەن ـ تېخنىكا تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر چىقىپ تۇراتتى. گېزىت نەشر قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە بازىرى ئىتتىك گېزىتكە ئايلاندى، ياپونىيە، ۋېيتنام، سىنگاپورلاردا ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلىدىغان بولدى، ئۇ، شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئېقىمدىكى ئىشلار گېزىتى»، تيەنجىندە چىقىدىغان «دۆلەت خەۋەرلىرى گېزىتى» بىلەن بىرلىكتە مەملىكەت ئىچىدىكى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم گېزىتىگە ئايلاندى، ئاۋمېن ئاھالىلىرى ئۇنىڭدىن يېڭىلاش، قانۇن ئۆزگەرتىش ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. لياڭ چىچاۋ، تەن سىتۇڭلار 1897 ـ يىلى ئەتىيازدا شاڭخەيدە «پۇت ئاتماسلىق باش جەمئىيىتى» قۇردى، ئاۋمېندىكى جاڭ شۈبو، خې يەنگۇاڭ قاتارلىقلار ئۇنىڭغا دەرھال ئاۋاز قوشۇپ، ئاۋمېندا «پۇت ئاتماسلىق شۆبە جەمئىيىتى» قۇردى؛ 1898 ـ يىلى، زېڭ گۇاڭلىيۇ، شۈي چىڭ قاتارلىقلار ياپونىيىدە «ئەپيۇن تاشلاش باش جەمئىيىتى» قۇردى، ئاۋمېندىكى جاڭ شۈبو، خې يەنگۇاڭ، چېن جيەن قاتارلىقلار دەرھال «ئاۋمېن ئەپيۇن تاشلاش شۆبە جەمئىيىتى» قۇردى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئاۋمېن شاڭخەي، خۇنەن قاتارلىق جايلارغا ئوخشاش يېڭىلاش كەيپىياتى ئەڭ قويۇق، ئەڭ جانلىق رايونغا ئايلاندى.

1898 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ۋۇشۈي قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولدى، كاڭ گۇاڭرېن قاتارلىق 6 ئەرباب ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلدى. مەملىكەت ئىچىدىكى يېڭىلاش تەرەپدارلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەملىكەت سىرتىغا چىقىپ پاناھلاندى، بىر مەھەل ۋاقىت ئىچىدە ئاۋمېن پاناھلىنىدىغان جايغا ئايلاندى. بۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى يېڭىلاشنى تەرغىب قىلىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللار بىردەك توختىتىلدى، «يېڭى بىلىم گېزىتى» بولسا ئاۋمېننىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىتىدىن پايدىلىنىپ داۋاملىق نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە يېڭىلاش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىردىنبىر گېزىتكە ئايلاندى.

ئاۋمېن جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان جاي، ئۇ مۇشۇ جايدا دۇنيانى بىلىشكە باشلىغان ۋە دۇنياغا ئاتلانغان.

1892 ـ يىلى كۈزدە، سۇن جۇڭشەن تەكلىپكە بىنائەن جىڭخۇ دوختۇرخانىسىدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان غەرب دورىلىرى ئىدارىسىدە تۇنجى جۇڭگولۇق غەربچە دوختۇر بولغان. سۇن جۇڭشەن دوختۇرلۇق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەخپىي ھالدا ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تارقاتـ

قان. 1892 ـ يىلى، سۇن جۇڭشەن ئاۋمېننىڭ گېزىتىدە 1890ـيىلى شـ
ياڭشەن ناھىيىسىدىكى خىزمەتتىن چېكىنگەن ئەمەلدار جېڭ شاۋرۇغا
ئەۋەتكەن خېتىنى ئېلان قىلىپ، غەرب ئەللىرىنى ئۈلگە قىلىپ ئىسـ
لاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ سۇن جۇڭشەننىڭ ئەڭ
دەسلەپكى سىياسىي ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. سۇن جۇڭشەننىڭ ئاۋمېندا
ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنـ
لىرىدىن بىرى ئۇنىڭ پورتۇگالىيىلىك دوستى بىلەن بىرلىكتە جۇڭـ
گو-پورتۇگالىيە يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدىغان «جىڭخەي سۇڭباۋ»
گېزىتىنى چىقىرىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ گېزىت 1893ـيىل 7ـئاينىڭ
18ـكۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلاپ 1895ـيىل 12ـئاينىڭ 25ـكۈنى نەشر
قىلىنىشتىن توختىغان. ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە 130 نەچچە سان
گېزىت چىقىرىلغان. سۇن جۇڭشەن جۇڭگو يېزىقىدىكى نۇسخىسىغا
مەسئۇل بولغان، ئۇنىڭغا سۇن جۇڭشەن يازغان «دېھقانچىلىق ئىلمىي
جەمئىيىتىگە كىرىش سۆز» قاتارلىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئىدىيىسىنى
تەشۋىق قىلىدىغان ماقالىلەر ۋە ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ پائالىيىتىگە
دائىر خەۋەرلەر بېسىلغان. گېزىتنىڭ باش ماقالىلىرىنىڭ زور كۆپچە-
لىكىدە ئېقىمىدىكى نۇقسانلارغا كەسكىن رەددىيە بېرىلگەن. بۇ گېزىت
ئەينى ۋاقىتتا تەسىرى خېلى زور گېزىت بولۇپ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا ۋە ئامېرىكا، ياپونىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تارقـ
ىلىپ، جۇڭگودا بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك
تۇنجى گېزىت بولۇپ قالغان.

سۇن جۇڭشەن ئاۋمېندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولغاچقا، لۇخاۋ
دۇڭ، ياڭ خېلىڭ، ياڭ شىنرۇ قاتارلىق ئىنقىلابچىلار ھەمىشە ئاۋمېنغا
كىرىپ، چىقىپ تۇراتتى، ئاۋمېن ئىنقىلابىي ئەربابلارنىڭ ئەڭ دەسـ
لەپكى پائالىيەت نۇقتىسى بولۇپ قالغانىدى. 1895ـيىلى، سۇن جۇڭشەن
تۇنجى قېتىم يېتەكچىلىك قىلغان گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ،
سۇن جۇڭشەن چېن شاۋبەي قاتارلىقلار بىلەن ئاۋمېن ئارقىلىق شياڭـ
گاڭغا چېكىنگەن. 1912ـيىلى 4ـئايدا، سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق چوڭ
زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتلىك تۆمۈر
يول باش مۇپەتتىشى بولۇپ، سودا-سانائەت ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتۇلدۇـ
رۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 5ـئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۇ ئاۋمېنغا قايتىپ
باردى، ئۇنى ئاۋمېن ئاھالىلىرى قىزغىن قارشى ئالدى. 1913ـيىلى 6ـئايدا،
سۇن جۇڭشەن يەنە بىر قېتىم ئاۋمېنغا باردى. 6ـئاينىڭ 20ـكۈنى ئاۋمېن
ئەتراپىدا توختىغان ھەربىي پاراخوت ئۈستىدە ئۇ گۇاڭدۇڭنىڭ باش
ۋالىيسى چېن يەنمىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، يۈەن شىكەيگە قارشى جازا
يۈرۈشى قىلىش چوڭ ئىشى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، چېن يەنمىڭـ
نىڭ 7ـئاينىڭ 18ـكۈنى گۇاڭدۇڭنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، «2ـقېتىملىق ئىنقىلاب»قا غايەت زور دەرىجىدە مەـ
دەت بەردى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، سۇن جۇڭشەن ئىزچىل تۈردە
ئاۋمېنغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1916ـيىلى، ئۇ جۇجىشىننى ئاۋمېنغا
قورال-ياراغ ۋە تەشۋىق ۋارىقى تەييارلاشقا كۆپ قېتىم ئەۋەتتى. 1915ـ
يىلى، سۇن جۇڭشەن «قانۇننى قوغداش خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلـ
دى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوغلى سۇن كېنى ئاۋمېنغا بېرىپ ئىش
بېجىرىش ئورنى قۇرۇشقا، ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق دېڭىز ئارمىيىسىنى ھەـ
رىكەتلەندۈرۈپ گۇيجۇ سىستېمىسىدىكى مىللەتارىست مۇرۇڭشىننى
قوغلاپ چىقىرىشقا ھەمكارلاشتۇرۇشقا ئەۋەتتى. 1921ـيىلى، سۇن جۇڭـ
شەن پەۋقۇلئاددە چوڭ زۇڭتۇڭ بولدى، ياڭ خېلىڭنى زۇڭتۇڭ مەھكىـ
مىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى. كېيىن ئۇنى يەنە
«شياڭگاڭ-ئاۋمېن ئالاھىدە ئىشلىرىنى تەكشۈرگۈچى» لىككە تەيىنلـ
دى. 1921ـيىل 10ـئاينىڭ 2ـكۈنى، ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق پورتۇگالىيە ئەسـ
كەرلىرى چېگرىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە
گۇاڭجۇ قانۇننى قوغداش ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشقا ئېتىراز بىلدۈرگەنـ
لىكىگە پەرۋا قىلمىدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۇن جۇڭشەن دېڭىز
ئارمىيىسىگە ھەربىي پاراخوت ئەۋەتىپ ئاۋمېنغا يېقىن دېڭىز يۈزىدە
ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. 1922ـيىل 6ـئاينىڭ 2ـ
كۈنى، ئاۋمېن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئاۋمېن «29ـماي» ۋەقەسىدە پورتۇگالىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئاۋـ
مېن ئىشچىلىرىنى قىرغىن قىلغانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى
قوللىدى. 3ـئايدا، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى ئاۋمېن-پورتۇگالىيە دائىرىلىرىگە
ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش بەردى ھەمدە چيەنشەن دېگەن جايغا بېرىپ
ۋەزىپە ئۆتەشكە قوشۇن ئەۋەتىپ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ھەققانىي
كۈرىشىگە مەدەت بەردى. ئاۋمېن ئىزچىل تۈردە سۇن جۇڭشەننىڭ
ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى مۇھىم جايلاردىن
بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار
كۈچلۈك قوللىدى. 1925ـيىلى 3ـئاينىڭ 12ـكۈنى، سۇن جۇڭشەن بېيـ
جىڭدا ۋاپات بولدى. شۇم خەۋەر ئاۋمېنغا يېتىپ كەلگەندە، ھەر ساھەـ
دىكى ئەربابلار چوڭقۇر قايغۇغا چۆمۈپ، يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا قارىماي
جىڭخۇ دوختۇرخانىسىدا داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، مۇـ
راسىمغا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، بۇ ئاۋمېن تارىخىدىكى ئەڭ
زور ماتەم مۇراسىمى بولۇپ قالدى.

# پېشسىللوق پەرۋانىسى

ـ مايتاغ نېفىت-خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نۇرمەمەت ئامان توغرىسىدا

**ئادىل خوجالىم**



تەگرى تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان قاقاس تاغ يەنى گىلتاغ جايلاشقان، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى مايتاغ دەپ ئاتايدۇ. بۇ قاقاس تاغنىڭ ئاستىدا تەخمىنەن 20 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر يەرنى ئىگىلىگەن غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ نېفىت خىمىيە بازىسى ـ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى جايلاشقان.

بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ئىنتايىن ئۇنۇمسىز بولغاچقا، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەرگە چۆل-جەزىرە تۇيغۇسى بېرەتتى. ئەمما بۇ ئەھۋال يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزگەردى. ئۆزگەرگەندىمۇ بۇ زېمىندا ئىلگىرى خىزمەت قىلغان، ياشىغان كىشىلەر بۇ يەرگە قايتا كەلگەندە تونۇيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگەردى. قاقاس، زېرىكىشلىك كان رايونى بۈگۈنگە كەلگەندە گۈزەل تۈس ئالغان، سېھرىي كۈچكە تولغان بولۇپ، كەڭ كەتكەن بوستانلىق كوچىلىرى، رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان ياپيېشىل چىملىقلىرى، ئۆزگىچە شەھەر قىياپىتى، مۇھىتىنىڭ چىرايلىق ھەم پاكىزلىقى غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ۋە ئېتىلىن زاۋۇتىنىڭ تەگرىتاغ چوققىلىرى بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قۇرۇلمىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، گۈللىنىۋاتقان نېفىت شەھىرىگە ئۆزگىچە سالاپەت ۋە ھۆسن قوشۇپ تېخىمۇ گۈزەل تۈس بەرمەكتە.

بۇنداق زور ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىدا مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نۇرمەمەت ئاماننىڭ ئەجرى ۋە رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر تال گۈل ھەم ھەر بىر كۋادرات مېتىر يەردىكى چىمنىڭ ھەممىسىگە ئۇنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس يۈرەك قېنى ۋە ماڭلاي تەرلىرى سىڭگەن. بۇنىڭ شەرىپىگە مايتاغلىقلار بۇ مۆجىزە ھەققىدە گەپ بولغاندا نۇرمەمەت ئاماننى زوق-شوق بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

1991-يىلى ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن نۇرمەمەت ئامان غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ زامانىۋى كارخانا- مايتاغ نېفىت-خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ كۆكەرتىش، شەھەر قۇرۇلۇشى، تۇرمۇش، ئارقا سەپ، سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش، كۈتۈۋېلىش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىندى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەس رىشتە باغلاندى. ئۇ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كۆكەرتىش بىلىملىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق دېيىشكە بولاتتى. ئەمما ئۇ «مەن رەھبەر» دەپ گىدىيىۋالماستىن، قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، كەمتەرلىك بىلەن كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن ئۆگەندى ھەمدە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىخەنزە داشۆسىدىكى كۆكەرتىش مۇتەخەسسىسلىرىنى كەڭ تۈردە دوست تۇتۇپ، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، كۆكەرتىش كەسپىنىڭ سىرتىدىكى بۇ ئادەم پەيدىنپەي كەسىپ ئىگىسىگە ئايلاندى.

تاغ ئىچىگە كىرىپ كۆچەت يۆتكەش پاسكىنا ھەم ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدىغان جاپالىق خىزمەت بولۇپلا قالماستىن ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ساۋەن، شىخو، مىچۈەن، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا، تاغلىرىدا نۇرمەمەت ئاماننىڭ ئايىقى تەگمىگەن يەر قالمىدى، ئۇ تىرىنغا كەلگۈدەك چوڭقۇرلۇق-

تىكى قارلىق دالىدا قارىغايلارنىڭ تەكشىلىكىنى سېلىشتۇراتتى. سۆگەكتىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇقتا قارىغايلارنى ماشىنىغا قاچىلاشقا قوماندانلىق قىلاتتى. ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە قار-مۇز قاپلىغان دالىدا قۇرۇق نان يەيتتى.

ئاساسلىق يوللارنى ۋە ئاھالىلەر كىچىك رايونىنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئۇ يولغا قويغان بىرىنچى قەدەمدىكى كۆكەرتىش پىلانى. نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۆكەرتىش بىلىملىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ نۇرمەمەت ئامان تېرەكنىڭ گەرچە شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەشتەك ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ ئەمما شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈشتە رولىنىڭ ئانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۇقىرى بېسىملىق توك لىنىيىسىگە تەھدىت سالىدىغانلىقىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇ كونا رايوننى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئاساسلىق كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى نەچچە 10 يىللىق ئېگىز-ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەرنى بىراقلا كېسىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زامانغا لايىق، ئۆمرى ئۇزۇن، ئېگىز-پەسلىكى تەكشى، شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغان ئارچا، مەجنۇنتال قاتارلىق يېڭى تۈردىكى مەنزىرە دەرەخلىرىنى تىكتى. بۇ تەدبىر ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم پېشقەدەم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولسىمۇ، ئەمما 2 يىل ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق بۇ پېشقەدەم يولداشلار كۆز ئالدىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشۇپ، كۆچەت تۈرىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاقىلانە تەدبىر بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

يېڭى ئاھالىلەر رايونى قۇرۇلۇشىدا ئۇ لايىھىلەش، قۇرۇلۇش، كۆكەرتىش تارماقلىرىنى كۆپ قېتىم بىر يەرگە يىغىپ ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئاھالىلەر رايونىنى باغچا شەكلىدىكى كىچىك رايون شەكلىدە پىلانلىدى. كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ دائىرىسىنى چوڭ كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىغا، خىزمەت بىنالىرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا، ئىدارە-ئورگانلارنىڭ قورۇسىغا ۋە جامائەت سورۇنلىرىغىچە كېڭەيتتى. كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نوقۇل ھالدىكى كۆچەت تىكىش شەكلىنى دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ ۋە چىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بىرگەۋدە قىلىنغان يېشىللىق بەرپا قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، گۈللۈك ۋە چىملىقنىڭ دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن مايتاغنىڭ شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، «3پەسىلدە گۈل بولۇش، 4 پەسىلدە يېشىللىق بولۇش»ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى.

مايتاغ زاۋۇت رايونىنىڭ كونا ئاھالىلەر رايونى بىلەن يېڭى ئاھالىلەر رايونى ئوتتۇرىسىدا 90مىڭ كۋادرات مېتىر قاقاسلىق يەر بارئىدى. نۇرمەمەت ئامان دائىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇنداق گۆھەردەك زېمىن قاقاسلىق پېتى تۇرسا نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق-ھە، دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رايونلۇق پارتكومغا بۇ قاقاسلىقنى ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى قىلىش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە پارتكومنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىنى پىلانلاشتا ئۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىخەنزە داشۆسىدىكى باغۋەنچىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ھەمدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، شۇ ئاساستا پىلاننى پۇختا تۈزۈپ جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىنى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى دەم ئالىدىغان، سەيلە قىلىدىغان، ئۆسۈملۈكلەرنى تەجرىبە قىلىدىغان، پەننى ئومۇملاشتۇرىدىغان بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مايتاغ زاۋۇت رايونىدا ئىزچىل تۈردە كۈزدە ئېرىق چېپىپ، ئەتىيازدا دەرەخ تىكىلىپ كېلىۋاتاتتى. نۇرمەمەت ئامان بۇ ئىشنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كۆكەرتىش تارماقلىرىدىكى يولداشلاردىن، نېمىشقا كۈز پەسلىدە كۆچەت تىككىلى بولمايدۇ دەپ سورىدى. ئۇلار، مايتاغنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. تۇپراقنىڭ سۈپىتى ناچار، كۈزدە تىككەن كۆچەت قىشتىن ئۆتەلمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. نۇر مەمەت ئامان بۇ سۆزگە چۈشەنمىگەن ئەمەس، مەخسۇس ئۈرۈمچىدىن باغۋەنچىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ تۇپراقنى تەجرىبە قىلدۇردى، نەتىجىدە مۇتەخەسسىسلەر نەزەرىيە جەھەتتىن بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى، تۇپرىقىدا كۈز پەسلىدە كۆچەت تىكسە ماسلىشالمايدۇ دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خۇلاسىسى ئۇنى ئىنتايىن روھلاندۇردى، ئۇنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن مايتاغ زاۋۇتى رايونىدا كۈز پەسلىدىمۇ كۆچەت تىكىش سىنىقى باشلىنىپ كەتتى. 2-يىلى ئەتىيازدا كىشىلەر ھەيران بولغان

هالدا كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ 98%كە يەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈلۈمى ئەتىياز پەسلىدە تىككەن كۆچەتتىنمۇ يۇقىرى بولغانلىقىنى بايقاشتى. شۇندىن باشلاپ مايتاغ زاۋۇت رايونىدا يىلدا بىر قېتىم كۆچەت تىكىش يىلدا ئىككى قېتىم كۆچەت تىكىشكە ئۆزگەرتىلىپ كۆكەرتىش سۈرئىتى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسىدىن ئارتۇق تېز بولدى.

كەسپىي ئىشلارنى چوڭقۇر ئىگىلەشكە باشلىغان نۇرمەمەت ئامان ھەر قانداق كۆكەرتىش ھەجمىنى كېڭەيتىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمىدى. ئۇ تۇپراق ئالماشتۇرۇشنى قىزغىن قوللاپ، ھەر يىلى كۆپ مىقداردا ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ ئاجرىتىپ، تاغدىن دەل-دەرەخ ۋە گۈل-گىياھ ئۆستۇرۇشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان توپا يۆتكەپ كېلىپ، تۇپراق شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۆكەرتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئۇنىڭدا پەيدىنپەي «ئۇچ ئۇلۇش تىكىش، يەتتە ئۇلۇش ئاسراش»تىن ئىبارەت كۆكەرتىش قائىدىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ كۆكەرتىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى: كۆكەرتىشنى باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا 4 كۆكەرتىش ئورنى ۋە ئاسراش قوشۇنى بەرپا قىلدى. مايتاغدا يېقىنقى يىللاردا كۆكەرتىش نەتىجىسىنىڭ بۇنداق ياخشى بولۇشى ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆكەرتىش خىزمىتىنىڭ ياخشى قانات يايدۇرۇلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاممىۋى خاراكتېردىكى كۆكەرتىش خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى يەنىلا نۇرمەمەت ئاماننىڭ پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى ئارىسىدا مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مايتاغ زاۋۇت رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان نۇرمەمەت ئامان ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە كۆكەرتىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىپ مايتاغدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەر بىر ئادەم يەنى 12 ياشتىن يۇقىرى ئوقۇغۇچىلار، قىسمىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى ھەمدە ئورۇنلارنىڭ چوقۇم كۆكەرتىش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدۇ: «بىز نېمىشقا بۇنچە زور مەبلەغ ۋە زېھنىمىزنى كۆكەرتىش خىزمىتىگە سەرپ قىلىمىز؟ چۈنكى مايتاغ نېفىت خىمىيە بازىسى بۇلغىنىش بىر قەدەر كۆپ، ئەمما يېشىل ئۆسۈملۈكلەر زەھەرلىك گازلارنى سۈمۈرۈش، شاۋقۇن-سۈرەن، چاڭ-توزاڭلارنى تۆۋەنلىتىش، ئوكسىگېن قويۇپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، مايتاغنى شەھەرلەشتۈرۈشتە كۆكەرتىشنى چوقۇم يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈش كېرەك. چۈنكى كۆكەرتىش شەھەرنىڭ مەدەنىي دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان بەلگە!»

كۆكەرتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش نۇرمەمەت ئامان دائىم ئويلايدىغان مەسىلە. شۇڭا ئۇ ئۆتكەن يىلى كۈز پەسلىدە زاۋۇت رايونىنىڭ بىر قىسىم چىم تېرىش باغۋەنچىلىك قۇرۇلۇشىغا ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق بۇرۇنقى چىم تېرىش ئۈچۈن ھەر كۋادرات مېترىغا كېتىدىغان تەننەرخنى 15يۈەندىن 8 يۈەنگە تۆۋەنلەتتى.

نۇرمەمەت ئامان مايتاغ زاۋۇت رايونىنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتقىلى توپتوغرا 8 يىل بولدى، 8 يىل ئىچىدە زاۋۇت رايونىدا 900مىڭ تۈپكە يېقىن يېڭى سورتلۇق دەرەخ تىكىلدى، 200مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يەرگە چىم ياتقۇزۇلدى. تۇرمۇش رايونى ۋە سانائەت رايونىنىڭ يەر كۆلىمى بۇرۇنقىدىن بىر قاتلانغان ئەھۋال ئاستىدا يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 8 يىل ئىلگىرىكى 19%تىن بۈگۈنكى 29%كە ئۆرلەپ، ئاپتونوم رايون ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن شەھەرلەردىن ئېشىپ كەتتى. 8 يىلدىن بۇيان مايتاغ زاۋۇت رايونى كۆكەرتىش جەھەتتە ئىشلىگەن گەۋدىلىك خىزمەتلىرى بەدىلىگە «مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى 400 ئىلغار ئورۇن» نىڭ بىرى، «مەملىكەت بويىچە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتىكى 300ئەلا ياخشى ئورۇن»نىڭ بىرى ۋە مەملىكەت بويىچە «باغچا ئۇسلۇبىنى ئالغان 200 سانائەت كارخانىسى»نىڭ بىرى دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

مانا بۇ شەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە نۇرمەمەت ئاماننىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسى بار!(04)



# پارتىيە خىزمىتىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى

## قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مۇساجان ئۆمەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا

**تۇرغۇنجان مۇسا**

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مۇساجان ئۆمەر ناھىيە تەۋەسىدە يۈز بەرگەن پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزامغا خىلاپ بىر تۈركۈم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، پارتىيىۋىلىك مەيدان، پرىنسىپتا، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئادىل ئىش كۆرگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە، تەشكىلنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

مۇساجان ئون نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ناھىيىنىڭ سەمەن، لەنگەر يېزىلىرىدا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، يېزا باشلىقى، يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، «پارتىيە ئەزاسى چوقۇم پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشى كېرەك» دېگەن ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلىدى. شۇڭا ئۇ، 1997 ـ يىلى ج ك پ كونا شەھەر ناھىيىلىك 8ـنۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى. ئۇ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشنى ئورگاننىڭ ئىچكى قىسمىدىن باشلاپ، سىياسىۋىلىكى كۈچلۈك، كەسپتە پىشقان، خىزمەت ئىستىلى ياخشى، جەڭگىۋارلىقى ئىنتىزامى، ئىنتىپاقلاشقان بىر قوشۇن بەرپا قىلىش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ھەمدە يېزا دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ، ئۆز تارمىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارغا تەكلىپ بېرىپ، 1997ـيىلى 9ـئايدا، قوغان يېزىسىدا (ھازىر قەشقەر شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى) نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىدا بەش بولۇش يەنى مەخسۇس ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى بولۇش، دېلو ئىشلەش راسخوتى بولۇش، مەخسۇس ئىشخانا بولۇش، قاتناش قورالى بولۇش، بىر يۈرۈش قائىدە-تۈزۈم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋىلايەت ئوتتۇرىغا قويغان «ھەرقايسى يېزا دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى بىر پارچىدىن ئۈچ پارچىگىچە دېلونى مۇستەقىل ئىشلەش» تەلىپىگە يېتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. ئۇ يەنە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش كادىرلىرىنى مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇپ ئىقتىدارلىقلارنى ئۆستۈرۈپ، كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. مۇساجان ئۆمەر كادىرلارغا بولغان سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. دېلولارنى تەكشۈرۈپ

بىر تەرەپ قىلىشتا كەسكىن، سەۋرچان، ئىنچىكە بولۇشتەك ئۇسلۇبى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولدى. 1997-يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇلاقسۇ يېزىسىدا كادىرلارنىڭ ئاشلىق پۇلىنى دېھقانلارغا سىلىق قىلىپ چېچىش ۋە بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ مەسچىت ياساش مەسىلىسى يۈز بەردى. مۇساجان ئۆمەر ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلاردىن كادىر ئاجرىتىپ، نەق مەيدانغا بېرىپ، مەسىلىگە چېتىشلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە بۇ مەسىلىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلدى. شۇ يىلى 5-ئايدا تاشمىلىق يېزا 2-كەنتتىكى قىسمەن كەنت كادىرلىرى ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، كوللېكتىپنىڭ پۇلىنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇساجان ئۆمەر ئۆزى بىۋاستە ئادەم تەشكىللەپ، شۇ كەنتتە تۇرۇپ پارتىيە ئەزالىرى، دېھقانلار ۋە مەھەللە كادىرلىرى بىلەن سىردىشىپ، 4 نەپەر كەنت كادىرىنىڭ كوللېكتىپ مەبلىغىدىن 128 مىڭ يۈەننى بۇزۇپ-چاچقان ۋە ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ 4 نەپەر كەنت كادىرى پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، كەنتنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى تۆلىتىۋېلىندى. دېھقانلار مۇساجان ئۆمەر ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىنىڭ (تەربىيىلەش، نازارەت قىلىش، قوغداش، جازالاش)تىن ئىبارەت فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا، مۇساجاننىڭ مەيدانى ئېنىق ۋە مۇستەھكەم بولدى. شۇڭا ئۇ دېلو ئىشلەش، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىشتا، مەيلى كىمگە چېتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، يۈز-خاتىر قىلمىدى. 1997-يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدە كادىرلارنىڭ ئۆيىنى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، ئۇ ئۆيلەرنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. تەھدىت سېلىش، قىزىقتۇرۇش ئالدىدا قىلچە ئىككىلەنمەي، شەخسىي ئۆي سالغان تۇرۇقلۇق ھۆكۈمەت ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقان ناھىيە دەرىجىلىك 5 نەپەر كادىر، 100 دىن ئارتۇق بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر، 27 نەپەر ئادەتتىكى كادىرنى مۇددەت بەلگىلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدىن شەخسىي ئۆيىگە كۆچۈرۈپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە، ئومۇمنىڭ پۇلىغا ئېلىنغان يانفون، ھۆكۈمەت پۇلىغا ئورنىتىلغان تېلېفون ۋە ئۆلچەمدىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغان كىچىك ئاپتوموبىللارنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1997-يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئەرز ۋە پاش قىلىش خەتلىرىدىن 55 پارچە تاپشۇرۇۋېلىنىپ، بۇنىڭدىن 27 پارچىسىغا دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغانىدى. بۇلتۇر يەنە، 87 پارچە ئەرز، پاش قىلىش خەتلىرى تاپشۇرۇۋېلىنىپ بۇنىڭدىن 45 پارچىسىغا دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، بىر تەرەپ قىلىندى: يۇقىرىقى دېلولارغا چېتىشلىق بولغان خادىملارغا پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلىپ، دۆلەتنىڭ 230مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيىنى قايتۇرۇۋېلىندى.

مۇساجان ئۆمەر كەسپىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسى قىلىپ تۇتقان يېزىلارغىمۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە بىر قاتار ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بەردى: 1997-يىلى ئۇ، ئاقچاش يېزىسىنىڭ 5-كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئاۋات، بەشكېرەم يېزىلىرىدىن بېرىپ، يېتىپ-قوپۇپ خىزمەت قىلىدىغان 8 ئوقۇتقۇچىنىڭ تاماق ئېتىپ يېيىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ، ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ ئوقۇتقۇچىلارغا گاز ئوچىقى ھەل قىلىپ بەردى. 1997-ۋە 1998-يىلى مۇساجان جاڭدى يېزىسىنىڭ 8-كەنتىنى نۇقتا قىلىپ تۇتقاندا، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، 10 قاپ خىمىيىۋى ئوغۇت، 10 خالتا ئۇن سېتىۋېلىپ، قىيىنچىلىقى بار دېھقانلاردىن ھال سورىدى.

مۇساجان ئۆمەرنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە تەشكىل يۇقىرى باھا بەردى. قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى 1997-، 1998-يىللىرى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغاندىن سىرت، مۇساجانمۇ ئۇدا 2 يىل ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە «ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى، بۇلتۇر 11-ئايدا، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار «مەمۇرىي تەپتىش قانۇنى»نى ئۆگىنىش بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەندە، مۇساجان ئۆمەر بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. (05)

**قاينام جاپپار فوتوسى**

# نوپۇسنى سىجىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشى لازىم



يەن شۆيۈەن

كەلگۈسىدە بىز قانداق ئىنسانلار چوڭ ئائىلىسىدە ياشايمىز؟ ئۇ تەرەققىياتقا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا كىشىلەر جۇڭگونىڭ نوپۇس يۆلىنىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە.

جۇڭگو دۇنيا بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت، شۇنداقلا 20 نەچچە يىلدىن بۇيان نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش نەتىجىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان دۆلەت. ئىنتايىن مۇھىمى شۇكى، تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلىگەندىن كېيىن نوپۇسنىڭ ياش قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىپ، ياشلار تىپىدىن چوڭلار تىپىغا ئۆتۈش ئورۇندىلىپ، ھازىر ياشانغانلار تىپىغا يېقىنلاشتى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش يۆلىنىشى ئۈنۈملۈك قىسقارتىلدى. لېكىن قىسقارتىلغاندىن كېيىنكى يۆلىنىشكىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، 2000- يىلى ئېلىمىزنىڭ نوپۇسى 1 مىليارد 300 مىليونغا يېتىدۇ، 2050- يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە كۆپىيىپ 1 مىليارد 600 مىليون چامىسىغا يەتكەندىلا «نوپۇس پويىزى» پۈتۈنلەي توختايدۇ. ب د ت نىڭ مۆلچەرلىشىچە، كېيىنكى ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا يېتىپ بارغاندا جۇڭگو دۇنيا بويىچە 1- چوڭ نوپۇس دۆلىتىلىك ئورنىدىن چېكىنىدۇ، ھىندىستان ھەممىدىن ئاۋۋال 1 مىليارد 600 مىليون نوپۇسقا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. لېكىن ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىمكى، پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە بوشىشىپ قالساق، ئاندىن ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

دۇنيا نوپۇسىنىڭ ياشانغانلار تىپىغا ئۆتۈش مۇساپىسىغا سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ ياشانغانلار تىپىغا ئۆتۈش سۈرئىتى تېز، يېتىدىغان سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مۆلچەرلىنىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ بارغاندا، 65 ياشتىن يۇقىرى ياشانغانلارنىڭ نوپۇسى ئۆرلەپ 70% گە يېقىنلىشىدۇ ۋە ياشانغانلار تىپىغا قەدەم قويۇشقا باشلايدۇ؛ 2000- يىلدىن 2040- يىلغىچە ياشىنىش دەرىجىسى تېز سۈرئەتتە ئۆرلەيدۇ، 2040- يىلىغا يېتىپ بارغاندا 18% چامىسىغا يېتىپ، ھازىرقى نوپۇسنىڭ ياشانغانلار تىپىدا بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. نوپۇسنىڭ ياشانغانلار تىپىدا بولۇشى پۇل ئامانەت قويۇش، مەبلەغ سېلىش، ئىستېمال قاتارلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، ئەنئەنە، ئېتىكا، ئەخلاق، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا مۇھىم تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ئۇ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتتىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان نوپۇس ئامىلى ھېسابلىنىدۇ؛ ئىنتايىن مۇھىمى شۇكى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ياشىنىش تىپىدىكى «كۈمۈش رەڭلىك دولقۇن»نىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، ياشانغانلار تىپىدا بولۇش ئېغىرلاشقان باسقۇچتىكى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بىزنىڭ قىينچىلىقىمىز شۇ يەردە.

كى، ئىقتىسادىمىز نىسبىي ھالدا تازا تەرەققىي تاپمىغان، ياشانغانلار تېپىنىڭ يېتىپ كېلىشى مۇددەتتىن ئىلگىرى بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن «ۋاقىت پەرقى»مەۋجۇت، ئېلىمىزدە غەرب ئەللىرىدىكىدەك «بۆشۈكتىن- تۆشۈككىچە»بولىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش شەرت-شارائىتى ھازىرلانمىغان، ئىجتىمائىي كۈتۈشنى پائال تۈردە راۋاجلاندۇرۇپ، ئائىلىسىدىكى ئوغۇل-قىزلىرى كۈتۈشنى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىپ، ياشانغانلارنى مۇۋاپىق دەرىجىدە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى كۈتىدىغان قىلىپ، جەمئىيەت كۈتۈش، ئائىلىسى كۈتۈش، ئۆزى كۈتۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، «ئۈچ كۈتۈش»بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىستېمىسى ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ. نوپۇسنىڭ ياش قۇرۇلمىسىنىڭ ياشانغانلار تېپىدا بولۇشى تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلىگەندىن كېيىن نوپۇسنىڭ نۆل سەۋىيىدە كۆپىيىشكە ئۆتۈش يولىدىكى ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مۇقەررەر باسقۇچ بولۇپ، نوپۇسنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە ياشانغانلار تېپىدا بولۇشى زۆرۈر ئىش؛ بۇ يەردە جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس «ۋاقىت پەرقى»نى نەزەرگە ئېلىپ، ياشانغاندا كۈتۈنۈشنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ھەم مۇۋاپىق ئالغا سىلجىتىپ، «كۈمۈش رەڭلىك دولقۇن»نىڭ خىرىسىنى كۈتۈۋېلىشقىلا توغرا كېلىدۇ.

نوپۇسنىڭ شەھەرلىشىشى يەنى يېزا نوپۇسىنىڭ شەھەر - بازارلارغا يۆتكىلىشى، شەھەر- بازار نوپۇسى نىسبىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆرلىشى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، بۇ جەرياننىڭ تېزلىشىشى ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇنداق قوش يۆنىلىشلىك يۈكسىلىش ئاخىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۇرالغۇ ئۆي، قاتناش، بۇلغىنىش مەسىلىلىرى قاتارلىق ھازىرقى زامان «شەھەر كېسەللىكى» ھەرقايسى ئەللەر 21- ئەسىرگە يۈزلىنىشتە دۇچ كېلىدىغان ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلە.

جۇڭگو ئەسلىدە يېزا ئىگىلىك مەملىكىتى بولۇپ، شەھەرلىشىش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەنىدى. 80 - يىللاردىن بۇيان شەھەرلىشىش قەدىمى تېزلىشىپ، ھازىر ئۆرلەپ 30% چامىسىغا كۆتۈرۈلدى، بۇ تەرەققىيات ھەم تېز ھەم ساغلام بولغان تارىخىي مەزگىل ھېسابلىنىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، 2000 - يىلى شەھەر نوپۇسى نىسبىتى ئۆرلەپ 35%نى ئىگىلەيدىغان بولىدۇ، 2025 - يىلى 68%نى ئىگىلەيدۇ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قەدەر تېز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نوپۇسنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمى بىر ئاز تېزلىشىشى مۇمكىن، بۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى، لېكىن جۇڭگونىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقاندا، شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ بەك تېز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە باب كېلىشى شەرت. بىر مەزگىل ۋاقىتتىن بۇيان تۆۋەنلىمەي ئۆرلەپ كېلىۋاتقان يۆتكىلىپ تۇرىدىغان نوپۇس «خەلق ئىشچىلىرى دولقۇنى»غا قارىتا «ئۈچ ئۈچلۈك تۈزۈم»بويىچە تارقاقلاشتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك: يېزا ئىگىلىكىدىكى تېرىش - تىكىشنى ئاساس قىلىدىغان يېزا -كەنتلەردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت كەڭ مەنىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە، ئۈچتىن بىر قىسمىنى يېزا -بازار كارخانىلىرىغا، ئۈچتىن بىر قىسمىنى شەھەرلەردىكى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە يۆتكەش كېرەك، مەنبەسىدىن «توسۇش»ۋە يېزا - بازارلارغا تارقاقلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېزا - كەنتلەردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ شەھەرلەرگە قارىغۇلارچە ئېقىپ كىرىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا شەھەرلەردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ئىشسىزلارنىڭ بېسىمىنىمۇ يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.

ئېلىمىزدىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ تەدبىرى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنىنى توغرا قويۇش ياكى «تەبىئەتكە قايتىش»تىن ئىبارەت سىجىل تەرەققىياتنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.

(ئاپتور: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نوپۇس تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى)

## ئاياللار خىزمىتىدىكى ياخشى باشلامچى



« ئاياللار خىزمىتىدىكى ياخشى باشلامچى »

يوسكام ناھىيە ئاختام يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، كومپارتىيە ئەزاسى ئايگۈل ئەبەيدۇللا 12 يىلدىن بۇيان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاياللار خىزمىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە دائىر كەسپىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، جاپا-مۇشەققەت، ھېرىپ-چارچاشتىن قىلچە باش تارتماي، مەھەللىمۇمەھەللە، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، كەڭ ئاممىغا «نىكاھ قانۇنى»، پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ ئائىلە، نىكاھ ئىشلىرىدىكى ئۇرۇش-جېدەللەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، يېزا بويىچە 603 نەپەر ئايالغا تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللاندى بۇنىڭ بىلەن يېزا بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى % 100 كە يەتتى. 1994-يىلدىن بۇيان يېزىدا پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى.

ئايگۈل ئەبەيدۇللا يۇقىرىدىكى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن «ئاياللار، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى تۆھپىكار» «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.(07)

**تۇرسۇن راخمان**

## ھالقىلىق پەيتتە



« ھالقىلىق پەيتتە »

گۇما ناھىيە مۇجى سودا بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى قەمەرنىسا روزىمۇھەممەت 1994-يىلى بالا ياتقۇ راكى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئۆز يېنىدىن 61 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالانغان بولسىمۇ كېسىلى سەللىمازا ساقايماي، يەنە داۋاملىق داۋالىنىشقا توغرا كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ داۋالىنىشتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىق تارتىپ قالدۇ، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مۇجى سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەركىن زايىن مۇجى، چودا يېزىسىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر ۋە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدۇ. نەتىجىدە ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە 2 مىڭ 973 يۈەن ئىئانە توپلىنىپ، قەمەرنىسا روزىمۇھەممەتكە يەتكۈزۈپ بېرىلدۇ.(07)

**ئىدرىس توختىباقى**

## كۆزى توق ئايال



« كۆزى توق ئايال »

يېزا ئىگىلىك 3-شى 51-تۇەن ماتېرىيال بېسىش ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى مېھرىگۈل روزى 1999-يىل 7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئىشقا كېتىۋېتىپ خىزمەت بىناسىنىڭ 1-قەۋىتىدىن 2000 يۈەن قىممىتىدىكى 24 گىراملىق ئالتۇن بىلەيزۈك تېپىۋالدۇ. مال ئىگىسىنىڭ قانچىلىك تىت-تىت بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغان مېھرىگۈل روزى قىلچە ئىككىلەنمەي، خىزمەتداشلىرىغا ۋە مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئىگىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، تېپىۋالغان نەرسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئەسلىدە ئورگان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى تۇرسۇنگۈل مەمەتنىڭ بولۇپ 1999-يىل 7-ئاينىڭ 8-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشكەندە بىخەستەلىك قىلىپ چۈشۈرۈپ قويغان ئىكەن.(07)

**مۆمىنجان قادىر**



## ئابدۇرېھىم تۆمۈر سۇغا چۈشۈپ كەتكەن قىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى

1999-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى 16 ياشلىق بىر قىز ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ناھىيىگە قاراشلىق كونا ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشچىسى ئابدۇرېھىم تۆمۈر مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، قىلچە ئىككىلەنمەي، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان قىزنى سۇ ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى.(07)

**ئەمەتجان مۆمىن**



## «چاشقان» قىسماققا چۈشتى

قاغىلىق ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈپ كومىتېتى 1999-يىل 6-ئاينىڭ 7-كۈنى قارار ماقۇللاپ، يىلقىچە يېزا كاپا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى مەھەممەت قاۋۇزغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بەردى ھەمدە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومىغا مەزكۇرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

مەھەممەت قاۋۇز مەكتەپنىڭ كاسسىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەشتەك قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، 1989-يىلدىن بۇيان چىقىم قىلىنغان پۇللارنىڭ ھۆججىتىنى «قوش چىقىم قىلىش»، كىرىم قىلىنغان پۇللارنى ھېسابقا كىرگۈزمەسلىك قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئومۇمىي 7067 يۈەن پۇلغا خىيانەت قىلغان. تەكشۈرۈش داۋامىدا بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى تۆلىتىۋېلىنغان.

**سىدىق تۇردى**



## ئىككى نەپەر كەنت كادىرى جازالاندى

قاراقاش ناھىيە مائىلاي يېزا تاخشا كەنتىنىڭ مۇدىرى، كومپارتىيە ئەزاسى قادىر تۇرۇپ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ كەنت كوللېكتىپىنىڭ تراكتورىدىن پايدىلىنىش، سۇ ئىشلىتىش قاتارلىق ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ھەق تۆلىمەي، ئومۇمىي 932 يۈەن پۇلغا خىيانەت قىلغان، 1996-يىل 8-ئايدا پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەن، يۇقىرىدىكى قىلمىشىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنىدى. ئۇ بۇلتۇر تەپتارتماي يەنە پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈپ، ئامما ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغان. تاخشا كەنتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن سادىر دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق، بۇ يىل 3-ئايدا پىلان سىرتىدا پەرزەنت كۆرگەن.

يېزىلىق پارتكوم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يېقىندا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن قادىر تۇرۇپنى پارتىيىدىن چىقاردى، مەمتىمىن سادىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى.(07)

**ئابلەت ھەسەن، توختىمۇھەممەت نۇرمەمەت**

# مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشمۇ ماددىي مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئوخشاش «چىڭ قائىدە»

رەخمەتجان ئەخمەت

يولداش دېڭ شياۋپىڭ «تەرەققىيات ـ چىڭ قائىدە» دەپ ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بەزىلەر بۇ مەشھۇر ھۆكۈمنى «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ـ چىڭ قائىدە» دەپلا چۈشىنىۋالغان. بۇ، بىر تەرەپلىمىلىك چۈشەنچە، دەرۋەقە، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئىش، بۇنى پارتىيەمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بەلگىلىگەن. لېكىن، تەرەققىيات ـ چىڭ قائىدە دېگەننى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش چىڭ قائىدە دەپلا چۈشىنىپ، خىزمەت داۋامىدا ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىلا چىڭ تۇتۇش يېتەرلىك بولمايدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان تەرەققىيات ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقىلا قارىتىلغان بولماستىن، ئۇ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشى، كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەرەققىيات ماددىي مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ماددىي مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ـ چىڭ قائىدە؛ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشمۇ ئوخشاشلا چىڭ قائىدە. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى:

بىرىنچىدىن، ئىككى مەدەنىيلىكنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۆزى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغانلىق بولىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىدىغان ۋە ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جەمئىيەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە: «گۇاڭدۇڭ 20 يىلدا ئاسىيادىكى ‹تۆت كىچىك نوچى›غا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادنىلا يۇكسەلدۈرۈپ قالماستىن، جەمئىيەت تەرتىپى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىمۇ ياخشىلىشى لازىم. ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغانلىق بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. يولداش جياڭ زېمىنمۇ 15-قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا: «ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيلىكنى تەڭگەش راۋاجلاندۇرغان، ئىككى مەدەنىيلىكنىڭ ھەر ئىككىسىنى ياخشى يولغا قويغاندىلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئەگەر ئىقتىسادلا راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك راۋاجلاندۇرۇلمايدىغان بولسا، ماددىي جەھەتتە مولچىلىق بولۇپ مەنىۋى جەھەتتە چۈشكۈنلىشىدىغان ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ، بۇ ھەرگىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولماستىن، بەلكى سېپى ئۆزىدىن كاپىتالىزم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىمىزنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىتىمىز دەيدىكەنمىز، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى چىڭ تۇتۇشقىلا بولىدۇكى، بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، بەزىدە چىڭ تۇتۇپ، بەزىدە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرغاندىلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ توغرا يۆنىلىش ۋە توغرا يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزدە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئىچىدىكى ئىقتىسادىي كۈچنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ھەمدە كەلگۈسىدە كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ئۈچۈن ماددىي شەرت-شارائىت ھازىرلاش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتمەي بولمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەندىلا ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدىكى «سول»چىل ۋە ئوڭچىل خاتا خاھىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەر خىل چىگىش، مۇ-

رەككەپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ توغرا يۆنىلىش ۋە يولنى بويلاپ ساغلام راۋاجلاندۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە، ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگرى يولغا مېڭىپ قالىدۇ.»

ئۈچىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرغاندىلا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي ئىقتىدار مەدىتى بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە پەن-تېخنىكا تېز سۈرئەتتە راۋاجلانماقتا ۋە بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلانماقتا. ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۆز ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرى، ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلى، نازۇك، ئاپتوماتلاشقان ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىدىيە، غايە، ئەخلاق قاتارلىقلار جەھەتتىكى تەربىيىنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك، مۈشكۈل سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، يۇقىرىدىن-تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن تۇتۇش قىلغان، بىرلىكتە قاتناشقاندىلا، ئاندىن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرغاندىلا ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا رىقابەتتىكى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ھازىرقى دۇنيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن رىقابەت پەن-تېخنىكا رىقابىتى، ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابىتى، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچ رىقابىتى بولماقتا. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بولسا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇھىم كۈچ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. كەسكىن خەلقئارا رىقابەت داۋامىدا ئىز بېسىپ تۇرۇش ۋە غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان، ئارقىدا قالىدىغان، باشقىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. جۇڭگو خەلقى ئارقىدا قېلىپ باشقىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، تارىخىي ساۋاقنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلاپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەنىۋى مەدەنىيلىكنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشمۇ ماددىي مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئوخشاش «چىڭ قائىدە» ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك:

**1. ئىدىيە جەھەتتە .** مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭمۇ «چىڭ قائىدە» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بەزى تۈپ نۇقتىئىنەزەرلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن بىلىۋېلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بەلكى بۇنى مېڭىمىزدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسىگە، ھەرىكەت قىبلىنامىسىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**2. تەدبىر جەھەتتە .** مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، ئۇ ھەقتە تەدبىر بەلگىلەش، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ قۇرۇق گەپ سېتىشقا، تەدبىر بەلگىلىمەسلىككە، تەدبىرنى ئىجرا قىلماسلىققا، نەتىجە ياراتماسلىققا بولمايدۇ.

**3. سېلىنما سېلىش جەھەتتە .** ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە، مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ تەرەققىيات كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مەبلەغ سېلىشنىمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپەيتىش كېرەك، چۈنكى مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا، سېلىنما سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا مەبلەغ كېتىدۇ.

**4. ئۈنۈم جەھەتتە ، قاتتىق تەلەپكە لايىق ئۈنۈم قازىنىش كېرەك .** مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان-چىقالمىغانلىقىغا قاراشتا، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە قارىلىدۇ، خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشكە، ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىغا، تۈرلۈك ئىشلاردىكى ئىلگىرىلەشكە قارىلىدۇ. ئۈنۈمىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ياكى چوڭ-كىچىك بولۇشى بىر رايون، بىر ئورۇننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى چىڭ تۇتقان-تۇتمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. (06)

# تەرمىلەر گېزىتى

1999 ـ يىل
ـ ئۆكتەبىر ـ
(ئومۇمىي 69ـ سان)

«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى


## دۆلەت قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا يار-يۆلەك بولىدىغان دۆلەت كارخانىلىرى 3 شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك

دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شېڭ خۇاڭېن يېقىندا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلەت دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا زۆرۈر بولغان ياردەم بېرىدۇ، ئەمما قىيىنچىلىقى بار بارلىق كارخانىلارغا شەرتسىز ياردەم بەرمەيدۇ. بىرىنچىدىن، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلىدىغان كارخانىلارنىڭ بازار يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە مەھسۇلاتى بولغان بولۇش. ئىككىنچىدىن، ئىچكى مېخانىزمنى راۋانلاشتۇرغان، يەنى ئارتۇق خادىملارنىڭ ھەممىسىنى ئورنىدىن قالدۇرغان ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان بولۇش؛ ئاپپارات قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان بولۇش؛ سۈپەت، تەننەرخ، مالىيە قاتارلىق ھەر خىل باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىزىغا سالغان بولۇش؛ مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان قوشۇمچە تارماقلارنى ئايرىپ چىقارغان بولۇش ۋە باشقىلار. ئۈچىنچىدىن، بىر قەدەر كۈچلۈك رەھبەرلىك بەنزىسى بولغان بولۇش. يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىلا دۆلەت يۆلىگەندىن كېيىن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش، جانلىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىمىغان دۆلەت كارخانىلىرىنى دۆلەت يۆلىمەي دىگەندىن كۆرە ۋەيران قىلىۋەتكەن ياخشى. (05)




(جىڭخەي «پارتىيە تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىل 8-سانىدىن)

## شەخسىيلەرنىڭ ماشىنىسى بولماسلىق بىلەن پەخىرلىنىدىغان باي دۆلەت

شۋېتسارىيە دۇنيادىكى 5 چوڭ باي دۆلەتنىڭ بىرى، ئەمما بۇ باي دۆلەت شەخسىيلەرنىڭ ماشىنىسى بولماسلىق بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

شۋېتسارىيىنىڭ ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يېرىگە 600 كىشى ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇش بىلەن شۋېتسارىيىدە سان-ساناقسىز چەت ئەل ئورگانلىرى ۋە چەت ئەللىكلەر بار، ئەمما بۇ دۆلەت باشقا چوڭ دۆلەتلەرگە ئوخشاش ھاۋاسى بۇلغانغان ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ شەخسىيلەرنىڭ ماشىنىسى بولۇشنى تەشەببۇس قىلماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۋېتسارىيىنىڭ شەخسىي ماشىنىلارنى چەكلەش ئۇسۇلى ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى قاتناشقا نورغۇن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش شەكلى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ. ئاممىۋىي قاتناش، ئادەتتە، رېلىسلىق تورامۋاي ۋە پويىزغا قارىتىلغان، ئۇلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بېلەت سېتىۋېلىش شەكلى خىلمۇ خىل ھەم ئەرزان، شەخسىيلەرنىڭ ماشىنىسىغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن ئەرزان ھەم قولايلىق.

شۇنىڭ ئۈچۈن، شۋېتسارىيىدە، مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولسۇن ياكى كارخانىلارنىڭ كاتتا ئىگىلىرى بولسۇن، ھەممىسى خىزمەتكە بېرىپ-كېلىشتە ئاممىۋىي قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرىدۇ. شۋېتسارىيىلىكلەر ياشاش سۈپىتىنى جەمئىيەت بايلىقىنىڭ قانچىلىك ئىگىلىكى بىلەن ئۆلچىمەستىن، بەلكى بۇلغانمىغان شارائىتتا ياشاشقا بولامدۇ-يوق، دېگەن بىلەن ئۆلچەشنى ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم ئەڭ ياخشى ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ، ئالىي سۈپەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ئەڭ كاتتا ئۆيلەردە ئولتۇرسا، ئەمما بۇلغانغان ھاۋادا نەپەسلىنىپ، بۇلغانغان يېمەكلىكلەرنى يېسە، بۇنداق تۇرمۇش كاتتا تۇرمۇش بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن ناچار تۇرمۇش بولىدۇ. (05)




## پارتىيە تۇرمۇشى بىلەن پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنىڭ پەرقى

پارتىيە تۇرمۇشى بىلەن پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ھەم مۇناسىۋەتلىك، ھەم پەرقلىق بولىدۇ. پارتىيە تۇرمۇشى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھالبۇكى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى مۇتلەق ھالدا پارتىيە تۇرمۇشى دېگىلى بولمايدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە ئىچىدىكى ھەر خىل پائالىيەتلەر پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ئاچقان يىغىنلار، پارتىيە قۇرۇلتىيى، پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى، پارتىيە ئىچىدىكى سايلام، پارتىيىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى، پارتىيە دەرسى ئۆتۈش، پارتىيە ژۇرنىلى ۋە پارتىيە ئىچىدىكى ھۆججەتلەرنى ئوقۇش، پارتىيە ئىچىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلاش شۇنىڭدەك پارتىيە ئىچىدىكى باشقا سىياسىي پائالىيەتلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلار پارتىيە تۇرمۇشىغا كىرىدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ئادەتتە ئېيتىدىغان پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ئاساسلىقى ياچېيكا، كومىتېتلار ياكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى تەشكىللىگەن ۋە ئاچقان پارتىيە دەرسى ئۆتۈش، پارتىيە ئىچىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش، ئىدىيىسىنى دوكلات قىلىش، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش دوكلاتى بېرىش قاتارلىقلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پائالىيەتلەر ياكى يىغىنلار، ياچېيكا كومىتېتى، پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ئاچقان تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنلىرى، شۇنىڭدەك پارتىيىلىك رەھبەرىي كادىرلار ئايرىم ئاچقان پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنلىرىغا قارىتىلغان. (05)

## قانداق قىلغاندا ئاشخانىدا يۈز بېرىدىغان تاسادىپىي ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ

بەزىلەر، ئاشخانا ئائىلىدە تاسادىپىي ئىشلار ئەڭ ئاسان يۈز بېرىدىغان جاي دېيىشىدۇ، بۇ سۆزنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. ئالايلۇق، ئوت ئاپىتى، توك سوقۇۋېتىش، پىچاق كېسىۋېتىش، كۆيۈپ قېلىش قاتارلىق تاسادىپىي ئەھۋاللارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشخانىدا يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەگەر يېمەكلىك تازىلىقىغا ئازراقلا دىققەت قىلىنمىسا ياكى يېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەر خاتا يېيىلىپ قېلىنسا، كېسەللىك ياكى زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرىغا ئاشخانىدا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇش لازىم. بىرىنچى، گاز ئوچاقنى ئىشلەتكەندە ھاۋا سۈمۈرگۈچنى ياكى دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ ئىشلىتىش، تۇرۇبىنىڭ ئوچاق ۋە گاز تۈگمىگە ئۇلانغان جايىدىن گاز قېچىۋاتقان ياكى قاچمايۋاتقانلىقىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئەگەر گاز قاچقانلىقى سېزىلسە، ئۇنى دەرھال رېمونت قىلدۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتكەندە، ئەگەر قول ئۇيۇشۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، دەرھال ئىشلىتىشنى توختىتىش، ھۆل قول بىلەن ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلى ۋە روزېتكىسىنى تۇتماسلىق، دائىم يۈتكەپ تۇرىدىغان توك سىملىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن ياكى ئۇچلىرىنىڭ يالىڭاچ قالغان-قالمىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ تۇرۇش لازىم. ئۈچىنچى، ئوت، سۇ، توك ۋە باشقا سۇيۇقلاندۇرۇلغان يېقىلغۇلارنى ئوچاققا يېقىن قويماسلىق لازىم. تۆتىنچى، ئېغىزدىن كىرسە بولمايدىغان نەرسىلەرنى، ئالايلۇق، دېزىنفېكسىيىلەش سۇيۇقلۇقى، سودا، تازىلاش سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنى تاماق ئەتكەندە ئىشلىتىلىدىغان دورا-دەرمەكلەر بىلەن بىر جايغا قويماسلىق لازىم. بىر جايغا قويغاندا خاتا ئىشلىتىپ قويۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. بەشىنچى، چەيدو-پىچاقلارنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن پاكىز يۇيۇپ قۇرۇق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئەپلىك جايغا قويۇش لازىم. ئالتىنچى، ئاشخانىدا ئىش قىلغاندا بەك كەڭ، ئۇزۇن كىيىم كىيمەسلىك كېرەك، كەڭ ھەم ئۇزۇن كىيىم كىيىۋالغاندا، ئاسانلا ئوت تۇتۇشۇپ كېتىش ياكى نەرسە-كېرەكلەرنى پۇتلۇشۇپ ئۆرۈۋېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. يەتتىنچى، ئاشخانىنىڭ يەرلىرىنى داۋاملىق پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. (05)



## گېرمانىيەدە دۆلەت مەمۇرىيلەرى قانداق نازارەت قىلىنىدۇ؟

گېرمانىيەدە، دۆلەت مەمۇرىيلىرى تۈزۈمى يولغا قويۇلغىنىغا 100 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، مەمۇرىيلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش جەھەتتە بىر قەدەر مول تەجرىبىلەر ۋە ئۇسۇللار توپلانغان.

گېرمانىيەدە، دۆلەت مەمۇرىيلىرى قوشۇنى ئاساسلىقى 3 يول ئارقىلىق نازارەت قىلىنىدۇ: بىرىنچىسى، ئىدارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نازارەت قىلىش. باشلىق قول ئاستىدىكىلەرنى نازارەت قىلىدۇ؛ مەمۇرىيلار بىر-بىرىنى نازارەت قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى. ئاخبارات، جامائەت پىكرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىنى نازارەت قىلىش رولى ئىنتايىن زور. مەمۇرىيلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلىرى گېزىتتە پاش قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بۇنىڭدىن تېخى خەۋەر تاپمىغان بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، مۇپەتتىشلىك تارماقلىرىنىڭ نازارەتچىلىكى. مۇپەتتىشلىك تارماقلىرى مۇپەتتىش قىلىنىۋاتقان ئىدارىلەرنىڭ مەسىلىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن، مۇپەتتىش قىلىنىۋاتقان ئورۇن ياكى سوتلارغا بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى بېرىدۇ، مۇپەتتىش قىلىش ئورۇنلىرى ئۇنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلمايدۇ. گېرمانىيە مەمۇرىيلارنى جازالاشتا: ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش، ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش، دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش، خىزمەتتىن ھەيدىۋېتىشتىن ئىبارەت بەش خىل جازا قوللىنىدۇ. ئالدىنقى ئىككى خىل جازا مەمۇرىيلار تۇرۇشلۇق ئىدارە تەرىپىدىن بېرىلىدۇ، جازالانغان مەمۇرىيلار جازاغا قايىل بولمىسا، مەمۇرىي سوتقا ئەرز قىلسا بولىدۇ. كېيىنكى ئۈچ خىل جازا مەمۇرىي سوت تەرىپىدىن بېرىلىدۇ.

گېرمانىيە ئۆتكەن يىلى «پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، دۆلەت مەمۇرىيلىرىنىڭ سوۋغات قوبۇل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە بىر قەدەر قاتتىق بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. مەسىلەن، ئادەتتىكى كىچىك سوۋغاتلارنى (10 ماركتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم، خەلق پۇلىغا 46 يۈەنگە تەڭ) قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما بۇ سوۋغاتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ياخشى تەسىر پەيدا قىلمىسا، ئۇنى ئومۇمغا تاپشۇرۇش كېرەك. 10 ماركتىن ئېشىپ كەتكەن سوۋغاتنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.



مەمۇرىيلارنىڭ خىيانەت قىلىشى، پارا ئېلىشىنى جازالاش ئۈچۈن، قانۇندا جازالاشقا ئائىت ماددىلار ئېنىق بەلگىلەنگەن. (05)

## ئېلىمىزدە «دېھقان» لار زور مىقداردا كېمەيدى

نۆۋەتتە، ئېلىمىزدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «دېھقان»لار يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ 40 نەچچە پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ، يېزىلاردىكى زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچى غەيرىي دېھقانچىلىق كەسپىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆتكەنكى 20 يىل ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئەمگەك كۈچىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 6 ھەسسىدىن كۆپرەك ئۆستى.



دېھقانچىلىق تارماقلىرى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزدە زىرائەتلەرنىڭ مو بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، ھەر بىر موغا ئەمەلىي سېلىنىدىغان ئەمگەك كۈنىمۇ روشەن ھالدا تۆۋەنلىگەن. نۆۋەتتە، ئېلىمىزدە ھەر بىر ئەمگەك كۈنىدە ئىشلەپچىقىرىلغان كۆممىقوناق 1979-يىلىدىكى 11. 9 كىلوگرامدىن ئۆسۈپ 82. 23 كىلوگرامغا، ئۆسۈش ھەجمى 161% گە يەتتى. باشقا ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ھەر بىر ئەمگەك كۈنىدىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈش ھەجمىمۇ بىر ھەسسىدىن يۇقىرى بولدى. (05)

(خېبېي «كومپارتىيە ئەزالىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىل 4-سانىدىن)

## يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى تەشكىللىي تۇرمۇشنىڭ 20 خىل شەكلى

يېزىلاردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى تەشكىللىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى ئۆز ياچېيكىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ، تەشكىللىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما شەكلى جەھەتتە بىر ـ بىرىنى ئۆلگە قىلىشقا بولىدۇ. تەشكىللىي تۇرمۇشنىڭ تەخمىنەن 21 خىل شەكلى بار.

1. يىغىن ئېچىش. ئاساسلىقى يۇقىرىنىڭ يىغىنلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش؛

2. ئۆگىنىش. ئاساسلىقى ھۆججەت ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش؛

3. قەھرىمانلار ۋە نەمۇنىچىلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش؛

4. پارتىيە دەرسى ئۆتۈش؛

5. كىنو، تېلېۋىزورلاشكەن ئوقۇتۇش فىلىملىرىنى كۆرۈش؛

6. قەھرىمانلار ۋە نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى كۆرگەزمىسى ۋە ھەر خىل تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار مەخسۇس كۆرگەزمىلەرنى كۆرۈش؛

7. كۇرس ئېچىپ خىزمەت ۋە كەسىپكە ئائىت بىلىملەر ياكى يېپىشقا ئائىت كەسپىي تېخنىكىلارنى ئۆگىنىش؛

8. باشقا جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈش. ئاساسلىقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەجرىبىلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىش، شۇنىڭدەك ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيە بازىلىرىغا بېرىپ قايتا تەربىيە ئېلىش؛

9. پارتىيە ئەزالىرىنى ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش، ئالايلۇق، ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئېيتىش كارا KO مۇسابىقىسى قاتارلىقلار؛

10. مەخسۇس تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش، مۇنازىرە قىلىش ياكى زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بېرىش؛

11. مەلۇم مەزمۇندا دېموكراتىك زاتلار ۋە ئاممىۋى ۋەكىللىرى قاتناشقان پىكىر ئېلىش سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش؛

12. پارتىيىگە كىرگەن كۈننى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش؛

13. كېسەل بولۇپ قالغان پارتىيە ئەزالىرىدىن ھال سوراپ، ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىش؛

14. پارتىيە ئەزالىرىنى «مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىپ، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش؛

15. پارتىيە ئەزالىرىنى خالىسانە ئەمگەككە تەشكىللەپ، جايا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشىپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇش؛


16. پارتىيە ئەزالىرىنى يېقىن ئەتراپتىكى زاۋۇت ـ كان، قىسىملارغا ئاپىرىپ، بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشچىلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش؛

17. پارتىيە ئەزالىرىنى سوت يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارغا قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛

18. «ئىلغارلىقنى يارىتىپ، نەمۇنىلىكنى تالىشىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛

19. پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىپ، لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش؛

20. «سىرتتا چىققان پارتىيە ئەزالىرى بىر ھەپتە ئىچىدە تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىش» تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، سىرتتا چىققان پارتىيە ئەزالىرىغا بىر ھەپتە ئىچىدە تېلېفون ئارقىلىق ياچېيكىغا ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشنى بەلگىلەپ، ئۇلارنى تەشكىلنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلدۇرىدىغان قىلىش. (05)



# يېڭى دەۋردە ئوقۇغۇچىلارغا بولـغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

يۈسۈپ ھاجى

پارتىيە 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا، «ياشلار-ئۆسمۈرلەر ۋەتەننىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى بولۇپ، ياشلار-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى. مەكتەپ ياشلار-ئۆسمۈرلەرنى ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەربىيىلەپ ئۇلاردا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي سورۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**1. ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇشتا ئالدى بىلەن نەزەرىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىدىمۇ يېڭىلىق بارلىققا كەلدى، ئوقۇغۇچىلار ياش ھەم گۆدەك بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئاسانلا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى مۇرەككەپلەشتى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى قانداق قانات يايدۇرۇش - يېڭى بىر تېما بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە يېتەكلەش كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېتىقادى ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىغابولغان ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملەپ، مەسىلىنى ئىدىيە جەھەتتىن تۈپتىن ھەل قىلىش كېرەك. كونا تۈزۈلمىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىگە ئالمىشىش دەۋرىدە، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەش بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ناچار قىلمىشلىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتلىرىگە بەلگىلىك قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. لېكىن بىز پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنى داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان تەسىرلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن كۆڭۈل پىدائىيسى، ۋۇدېڭيۈن قاتارلىقلار. بىز مانا مۇشۇنداق تەسىرلىك ئىشلاردىن پايدىلىنىپ ماركسىزم-لېنىنىزم، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۇلاردا توغرا ئىدىيىۋى قاراش يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم.

**2. ئوتتۇرا ئوقۇتۇشنى زەر شەكىللەندۈرۈشتە «ئۈچ خىل قاراش» تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك**

دۇنيا قاراش، كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشى چوڭقۇر قاتلاملىق ئىدىيىۋى ھالەتكە مەنسۇپ مەسىلە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى روھى ھالىتىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئەمەلىيەتتە بىر خىل نەزەرىيە جەريانى بولۇپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياشلار-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسى شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا ئۇلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىز بولىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىجـ



تىمائىي مۇھىتتا، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك قارىشى جەمئىيەتنىڭ يامان ئىللەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قىممەت قارىشىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى كوللېكتىۋىزملىق مەيدانى كۈچلۈك بولماسلىق، ئاكتىپلىق روھى ئاجىز بولۇش، شەخسىي ماددىي مەنپەئەتنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەش قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى چەكلىمىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، توغرا بىلەن خاتانى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىز تىكلىمەكچى بولغان ئىدىيە ۋە ئېتىقاد تەربىيىمىزنىڭ سالمىقى بىلەن بىردەك بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ياشلار-ئۆسمۈرلەرنىڭ توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىدە سادىر بولغان يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا خىزمەتنى چوڭقۇر ھەم ئىنچىكە ئىشلەپ، ئىدىيىۋى ھالەت جەھەتتە توغرا-خاتانى ئايرىشقا ماھىر قىلىش كېرەك.

**3. ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇشتا تىپلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك**

ياشلار-ئۆسمۈرلەرنىڭ دوراش خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا تىپ تۇرغۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، چۈنكى ئۈلگىنىڭ كۈچى ناھايىتى ياخشى تەربىيە رولىغا ئىگە، تىپ ياخشى تاللانسا ئۈلگە كۆرسىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. تىپ تۇرغۇزۇشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: بىرى، تىپ تاللاشتا ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىپ كۆپ خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ بەلگىلىك داغدۇغا پەيدا قىلىش كېرەك، ئىككىنچى، تىپلارنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا دىققەت قىلىش، يەنە ئەتراپتىكى تىپلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ھەم جەمئىيەتتىكى تىپلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى يېتەكچى قىلىش، ئوقۇغۇچىلار ئىلغارلادىن ئۆگەنگەندە ئۆز ئەتراپىدىكى ئىلغارلاردىن ئۆز سىماسىنى تاپالايدىغان قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللەت بولۇپ، ئۇزاقتىن بېرى نۇرغۇنلىغان شەرەپلىك ئۈلگىلەر بارلىققا كەلگەن، ئوقۇغۇچىلارنى ئۈلگىلەردىن ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەندە، ئاشۇ ئىلغارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كۆپ تەرەپتىن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى تېپ قىلىپ چىقىشقا يېتەكلەش لازىم. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان قەھرىمانلار ھەم ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كۆپرەك تونۇشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈش كېرەك. تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلار ئۈلگە بولۇشى لازىم، چۈنكى ئوقۇغۇچىلار ئاۋۋال بىلىم ئالغۇچىدۇر. ئوقۇغۇچىلار تەلىم-تەربىيە ئېلىش بىلەن بىرگە ئۇستازلىرىنىڭ ئوبرازىغا تولىمۇ دىققەت قىلىدۇ ۋە قىزىقىدۇ. شۇڭلاشقا، ئوقۇتقۇچىلار پاكىت سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈشى، غايە، ئېتىقاد، ئىدىيە، ئىستىل جەھەتتە شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەردە بىر خىل ياخشى روھىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

**4. ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ شەكىللىرى كۆپ خىل ھەم مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك**

ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى بىلىم توپلاش دەۋرى بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە قارىتا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇڭلاشقا، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، تەربىيە جەريانىدا بىرلا خىل بولۇش ۋە زېرىكىشلىك بولۇشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىش، ئۈنۈملۈك شەكىل ۋە مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئومۇمىي ئۈنۈم شەكىللەندۈرۈپ، ياخشى مەكتەپ مۇھىتى بەرپا قىلىش، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىدىيە جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتكە بولغان قاتمال كۆز قاراشلارنى ئۆزگەرتىپ، ئېغىزدا مۇھىم دەپ قويۇپ ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان، ئوقۇتۇشنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇنتۇپ قالىدىغان ھالەتنى ياخشىلاش، پۈتۈن مەكتەپتە ئۈنۈملۈك ئىدىيىۋى تەربىيە مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تۈرلۈك نىشان، مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەكتەپ رەھبەرلىكى، پارتىيە ئىتتىپاق تەشكىلى، سىنىپ مەسئۇلى ۋە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى بىر گەۋدە قىلغان ئەخلاقىي تەربىيە قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك، شۇنىڭدىلا بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. (06)

(ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا لەنگەر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەيدۇ).

**لەنۋەر ئېلى فوتوسى**

## يېڭىشەھەر ناھىيىسى رەھبىرىي كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى

يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبىرىي كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇلار بۇ تەربىيە پائالىيىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇردى. 1. تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنى تەربىيە پائالىيىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ھەل بولماي كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇردى. 2. «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نامرات ئائىلىلەرگە، نامرات مەكتەپلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى. 3. «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى. 4. «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈردى. پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك 30 ماددىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارغا تارقىتىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. بۇلاردىن باشقا ھەربىر رەھبىرىي كادىر پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. (05)

**سابىرجان سېيىت ، ھاۋاگۈل ئابدۇرېھىم**

## سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى

يەكەن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى پارتكومى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ سۇ ئىشلىرى ۋە پۈتۈن ئىدارىنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپەيتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇڭا، بۇ ئىدارە پارتكومى ھازىرغىچە تەخمىنەن 20 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئاشۇرغاندىن باشقا، ئىدارە، ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسى، زەرەپشان دەريا باشقارمىسى ئاچقان بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىغا ھەر يىلى 40 نەپەر خادىمنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ھازىر بۇ ئىدارىدىكى ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 77 نەپەرگە، ياردەمچى ئىنژېنېر ئۇنۋانى ئالغانلار 45 نەپەرگە، ئالىي ئىنژېنېر ۋە ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانى ئالغانلار 16 نەپەرگە، تېخنىك ئۇنۋانى ئالغانلار 35 نەپەرگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدە تۈرلۈك كەسپىي ئۇنۋان ئالغانلار 67 نەپەرگە يېتىپ، سۇ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك ئاساس سالدى. (05)

**ئەنۋەر مۇھەممەت**

## گوما بازىرى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى

گوما ناھىيە گوما بازىرى بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ نامۇۋاپىق سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىنىڭ دېھقان -چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بازاردىن ھەرقايسى كەنتلەرگىچە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئورۇن ۋە شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. بازارلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىشخانىسى تۆۋەنگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئاممىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان بۇ بازار، بازارلىق سۇ پونكىت كادىرلىرىنىڭ قوشۇمچە ئىش ھەققى راسخوتى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش راسخوتى، ئوت توغراش ماشىنىسى راسخوتى، دېھقانلارنىڭ كىنو كۆرۈش راسخوتى، ئورۇقلۇق يېتىشتۈرۈش راسخوتى قاتارلىقلاردىن جەمئىي 425 مىڭ يۈەننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. (05)

**غوجىمۇھەممەت ئابدۇكېرەم**

## دۆلەتباغ يېزىسى پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يېزىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ كەلدى. 1996-يىلىنىڭ بېشىدا پارتىيە ئەزالىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا ياشانغانلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى، ياشلار، زىيالىيلار، ئاياللارنىڭ نىسبىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ پىلان-تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئەمەلىيلەشتۈردى. قاتلاممۇ-قاتلام تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنى ھەر يىلى 40 سائەتتىن ئارتۇق پارتىيە دەرسى ئاڭلاشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش ئىشلىرىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلىرىنى نۇقتىلىق تەربىيىلىدى. 1996-يىلدىن بۇ يىل 7-ئايغىچە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 1050 نەپەر ئاكتىپنى قايتا-قايتا سىناش، تەھپىسىنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىن شەرت ھازىرلىغان 330 نەپەر ئاكتىپنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە ياشلار 70.84% نى، زىيالىيلار 5.12% نى، ئاياللار 6.16% نى ئىگىلىدى. (05)

**ئەنۋەر خىزمەت**

## ساغات يېزىسىدا ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن زاپاس كادىرلار تەربىيىلەنمەكتە

يېڭىسار ناھىيىسى، ساغات يېزىلىق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىل يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى 42 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، كەنت دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام زاپاس كادىرلىرىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە تەربىيىلىمەكچى بولغانىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار يېزا ئىگىلىكىدە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، كەنت مالىيىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش، كوممۇنىستىك ئەدەب-ئەخلاق، ھەربىي تەلىم-تەربىيە قاتارلىق مەزمۇنلاردا تەربىيىلىنىپ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە قىلىنىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار 8-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن باشلاپ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئوقۇش باشلىدى. (05)

**ئابدۇۋاست ئەخمىدى**

## نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە

گۇما ناھىيىلىك نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىلىق پارتكوم يېزا بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

كۇرستا، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى، پاكلىق قۇرۇلۇشى، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىققا ئەھمىيەت بېرىش، ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى قاتارلىق مەزمۇنلاردا دەرس ئۆتۈلۈپ، كۇرسانتلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ تۆرلۈك فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، قانۇن ـ نىزاملىرى، ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

بۇ قېتىمقى تەربىيىلەشكە يېزا تەۋەسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىدىن 88 كىشى قاتناشتى. بۇ ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 96.7% نىنى ئىگىلەيدۇ. (05)

**ئابدۇلئەھەت ئابدۇۋايىت**

**ھاۋانىسا ئابلا**

# ئەمەلىي ئىش قىلايلى، «ئويۇن» ئوينىمايلى

ۋاڭ جىنيۇ

بەزى جايلاردىكى خىزمەتتە «ئويۇن» ئويناش ھادىسىسىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيۋاتقانلىقىغا قارىتا، يېقىندا شىجياجۇاڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن شەھەردىكى ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا: «ئەمەلىي ئىش قىلىش، ‹ئويۇن› ئوينىماسلىق، ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلاردىن بولۇش، ‹ئويۇن› كۆرسەتكۈچىلەردىن بولماسلىق» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىر تۈركۈم «ئويۇن كۆرسىتىش تۈرلىرى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىرخىل يېڭىچە خىزمەت ئىستىلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تەدبىر بەئەينى دەل جايىغا تەگكەن ئوقتەك مەسىلىنىڭ نېگىزىغا تەگدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدا «ئويۇن» ئويناش ئىشلىرى ھەقىقەتەن ئاز كۆرۈلمىدى.

بەزىلىرى سەھنىدە «ئويۇن» ئوينىدى. ئۇنىڭ بارىچە شوئار توۋلاپ، زور پىلان، چوڭ تەدبىر، ئۇلۇغۋار نىشان ئۈستىدە سۆزلەپ، ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى، لېكىن يىل ئاخىرىدا سەللا دىققەت قىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولسىڭىز، سۆزلىگىنىنىڭ ئوندىن توققۇزىنىڭ قۇرۇق گەپكە ئايلانغانلىقىنى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش نىسبىتىنىڭ % 20 گىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

يەنە بەزىلىرى دوكلات ماتېرىياللىرىدا «ئويۇن» ئوينىدى. ياخشىسىنى، چوڭراقلىرىنى، ئىشلىنىپ بولۇنغانلىرىنىلا تېرىشتۇرۇپ دوكلات قىلدى. 10 كارخانا ئىچىدە توققۇزى زىيان تارتقان بولسا، ئارىسىدىكى بىرسىنىڭ قانچىلىك پايدا ياراتقانلىقىنىلا دوكلات قىلدى؛ 100 دېھقان ئائىلىسىنىڭ 90 نى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان تۇرسا، ئارىسىدىكى 10 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ قانداق قىلىپ بېيىش يولىنى تاپقانلىقىنىلا تونۇشتۇردى.

كۆپىنچىسى تەكشۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇشتا «ئويۇن» ئوينىدى. بەزى جايلار قەرز پۇل ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يالغاندىن «ماشىنىلاشقان» قۇدۇق قۇراشتۇرۇپ چىققان، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆز-ئارا تونۇشمايدىغان ئەر-ئاياللارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، «يالغان ئەر-خوتۇن» لۇق مۇناسىۋەت ئويدۇرۇپ چىققان، «9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ»نى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن باشقا جايلاردىن «يالغان» ئوقۇغۇچىلارنى ئارىيەتكە ئېلىپ كەلگەن. قارىسىغا، ئۇلارنىڭ «ئويۇن ئويناش»، «ئويۇن كۆرسىتىش» ھۈنىرى نەقەدەر كامالەتكە يەتكەن ـ ھە.

«ئويۇن» ئوينىغاندا بەئەينى «بۆرە كەلدى» دەپ توۋلىغان بالىغا ئوخشاش، ئالدى بىلەن ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ. سىز بىرلا قېتىم «ئويۇن» ئويناپ قويسىڭىز 10 قېتىم راست گەپ قىلسىڭىزمۇ سىزگە ئىشىنىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، «ئويۇن» ئوينىسىڭىز ھەقىقىي ئىش، خىزمەتكە تەسىر يېتىدۇ. يۇقىرىدىكىلەر ئويۇنىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكىلەر راستىنلا شۇنداق ئىشلەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ-دە، شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تەستىق سېلىۋېرىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن تەدبىر بەلگىلەشتە خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ؛ سىرتتىكىلەر ئويۇنىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ھەقىقىي راست تەجرىبە ئىكەن، دەپ قالىدۇ-دە، ئېلىپ بېرىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا كېڭەيتىدۇ، نەتىجىدە، شۈبھىسىزكى، خىزمەتكە، ھەممەيلەنگە زىيان يېتىدۇ.

«ئويۇن» ئويناشنىڭ بىردىنبىر «پايدىسى» شۇكى، «ئويۇن» ئوينىغۇچىلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي، جاپا تارتماي، كۈچىمۇ سەرپ ئەتمەي قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا «تىپلار»نى تىكلەپ، «تەجرىبە» يارىتىپ، «مۇۋەپپەقىيەت» قازىنىپ، «سىياسىي نەتىجە» يارىتالايدۇ. شۇ سەۋەبلىك يۇقىرىدىكى بەزى ئەربابلار تېزلا بايقىلىپ، ئۆستۈرۈلۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ئىشقا قويۇلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتا ساختىلىق قىلساق ياخشى بولمايدۇ، ئۇن ئىشتا يالغانچىلىق قىلساق بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمما يەنە قانچىلىك ئادەم ئۇنداق ياكى مۇنداق ساختىلىقلار بىلەن مەنسەپ ـ تاجىغا ئېرىشەلىگەندۇ؟ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى تەجرىبىچىلەردىن بولۇپ، بەزى «ئويۇن» ئوينىغۇچىلارنىڭ ناھايىتى ئاسانلا «ئۆستۈرۈلۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ئىشقا قويۇلغانلىقى»نى كۆرۈپلا، كۆڭلىدە ئۆزى توغرىسىدا چوت سوقىدۇ، ئۆزىنىڭ سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بەدەل تۆلىسىمۇ، ئاخىرىدا ئەجرىنىڭ باشقىلارنىڭ «بىر مەيدان ئويۇن كۆرسىتىش»چىلىكىمۇ ئۈنۈم بەرمىگەنلىكىدىن

ئۆكۈنىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ھەتتا ئەمەلىي ئىش قىلىشتىن «ئويۇن» ئويناشنى ئۆگىنىشكە يۈزلىنىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ئەمەس، بەلكى «ئويۇن» ئويناش يولىنى تاللىشىدىكى سەۋەب ئېھتىمال يەنە ئەمەلىي ئىش قىلىشنىڭ بەك تەس بولۇشىدا بولۇشى مۇمكىن. ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشىنى قىلماق تەس، كونكرېت ئىشلارنى قىلماقمۇ تەس، چوڭ ئىشلارنى، يېڭى ئىشلارنى، باشقىلار تېخى ئويلاپ يەتمىگەن، تېخى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلماق تېخىمۇ تەس.

بىرىنچىدىن، ئىش قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. پۇل بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، ھوقۇق بولمايدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ؛ قوللايدىغان ئادەم بولمىغاننىڭ ئۈستىگە باشقىلار چۈشەنمەيدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ؛ تېخى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، تاماق يېيىشنى، ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇپ باشقىلارغا تەزىم قىلىپ يېلىنىدىغان ياكى يەتكۈچە جاپا تارتىپ، شۇنچە ھېرىپ-چارچىغاننى ئاز دەپ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىسا، باشقىلار چۈشەنمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىش قىلغانىكەن، سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولغىلى، ساقلانغىلى بولمايدۇ. ھەممىيلەن ئەۋلىيا بولمىغاندىن كېيىن، 10 ئىش قىلساق ئېھتىمال ئارىدىكى بىرەرسىدە سەۋەنلىك كۆرۈلۈشى مۇمكىن؛ 100 ئىش قىلساق، ئارىسىدىكى 10 دىن سەۋەنلىك كۆرۈلۈشى تۇرغان گەپ. بۇ سەۋەنلىكلەرنى باشقىلار «توپلاپ» پاش قىلىپ قويىدىغان بولسا، موللاق ئاتمىغان تەقدىردىمۇ، چۈشەندۈرۈپ بولغىچە ئاغزىڭىزنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئەكسىچە، ھېلىقىدەك ئىشنى ئاز قىلىدىغان ياكى ئىش قىلمايدىغان كىشىلەر ھەمىشە «نۇقسانسىز»لىقى بىلەن ئوڭۇشلۇق ھالدا يۇقىرى ئۆرلەۋېرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىش قىلغانىكەن تالاش-تارتىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشنى ئاز قىلسىڭىزمۇ، ئىشنى بۇزۇپ قويسىڭىزمۇ تالاش-تارتىش كېلىپ چىقىدۇ؛ كۆپ قىلىۋەتسىڭىز، بەك ئوبدان قىلىۋەتسىڭىزمۇ ئەپقاچتى سۆزلەر، ئۆسەك سۆزلەر پەيدا بولىدۇ. بىر توپ مايمۇن ئۆمىلەپ كېتىپ بارغاندا ئارىسىدىكى بىرسى ئۆرە تۇرۇپ مېڭىپ سالسا ھەممە مايمۇن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ ھۇجۇم قىلغاندەك، ئارىمىزدىن بىرەرسى ئىشنى كۆپرەك، ئوبدانراق قىلىۋەتسە، ئۇ كۆزىمىزگە سىغمايۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، كۆڭلىمىزدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ. ھەتتا ئۇنى «تۆھپە تالىشىۋاتىدۇ»، «نام چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ»، «قارا نىيەت» دېيىشتىنمۇ يانمايمىز-دە، قاراپ تۇرۇپلا ھەقىقىي ئىش قىلغۇچىلارنى ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىمىز.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، «ئويۇن» ئوينىغۇچىلارنى ئازايتىش ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى ئېتىش كېرەك. نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئادالەتنى ياقلىغۇچىلارنى كۆپەيتىشتە. ئالدى بىلەن «ئويۇن» ئوينىغۇچىلارنى ۋاقتىدا پاش قىلىش ۋە رەھىمسىزلارچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. مەيلى ئۇ كىم، قانداق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بولۇشىدىن، قانداق مەقسەتتە بولۇشىدىن، قانداق تۆھپە ياراتقانلىقىدىن، قانداق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، خىزمەت ئورنىدا «ئويۇن» ئوينىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماسلىق لازىم. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «ئويۇن» ئويناشنىڭ زىيىنى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزسە، «ئويۇن» ئويناش خەلق - ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلارنى زور كۈچ بىلەن قوللاش لازىم. بىر ئادەمگە باھا بەرگەندە ئۇنىڭدىكى نۇقسانلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە، ئۇ توغرىسىدىكى ئۆسەك گەپ-سۆزلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگىلا ئېسىلىۋالماي ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ قانچىلىك ئىشلىيەلەيدىغانلىقىغا، قانچىلىك ئىش قىلغانلىقىغا، يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ھەقىقىي ئىش قىلىۋاتقانلىقى ياكى «ئويۇن» ئويناۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك.

ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەت مەمۇرىيلىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن، ھوقۇقىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنىڭ بىر ئۈلۈشتىن مەجبۇرىيىتى بار، ئۇلار مەيلى قانداقلا ۋاقىتتا بولمىسۇن، باشقىلارنىڭ «ئويۇن» ئوينىغانلىقىنى كۆرۈپلا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىش، ھەقىقىي ئىش قىلىشتەك ئېسىل ئىستىلىدىن تەۋرىنىپ قالماسلىقى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ھېچ ئىش قىلمايمۇ كۈنىنى شاد - خۇرام، ئازادە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئەمەلىي ئىش، ھەقىقىي ئىش قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمەسلىكى لازىم. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتى ئىجاد قىلىشتا، ئەمەلدارلارنىڭ قىممىتى ئەمەلىي ئىش قىلىشتا، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي ئىشلىگەن كىشىلەرنى خەلق ئۇنتۇپ قالمايدۇ، تارىخمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. (04)

## پارتىيىدىن چىقىرىلغان كىشىلەر قايتىدىن پارتىيىگە كىرسە بولامدۇ؟

ئىدارىمىزدىكى بىر خىزمەتچى 1996-يىل 1-ئايدا پارا يېگەنلىكتىن پارتىيىدىن چىقىرىلغان. بۇ يىل 3-ئايدا ئۇ پارتىيىگە قايتىدىن كىرىش ئىلتىماسىنى سۇندى. بەزى رەھبەرلەر پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئۇنىڭ قايتىدىن پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامىنىڭ 16-ماددىسىدا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ 5 يىل ئىچىدە يېڭىباشتىن پارتىيىگە كىرىشىگە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقنى شۇ كىشىنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ بېكىتىش كېرەك. ئەگەر ئىپادىسى ياخشى بولۇپ، پارتىيە ئەزالىق شەرتىنى ھازىرلىغان بولسا، پارتىيىگە قايتىدىن قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. شۇ كىشى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتى بۇ خىزمەتچىگە بولغان باشقۇرۇش ۋە تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، خاتالىقىنى تۈزىتىشنى نازارەت قىلىشى كېرەك. پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئۇ كىشىنىڭ قايتىدىن پارتىيىگە كىرىشىنى مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلغان رەھبەرگە قاتتىق تەنقىد تەربىيە بېرىپ، ئۇنىڭ پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نىزامنامە بويىچە ئىش كۆرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.(07)

## پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا نېمە ئۈچۈن پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىدىن پىكىر ئېلىنىدۇ؟

پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشى، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن پارتىيە ئىچى-سىرتىدىكى ئاممىدىن پىكىر ئېلىنىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟

پارتىيە نىزامنامىسىدە «پارتىيىنىڭ ياچېيكا كومىتېتى پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئۈستىدە پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاممىدىن پىكىر ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك»دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىدە پارتىيىمىزنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا تېخىمۇ پايدىلىق. چۈنكى، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان كىشى ئامما ئارىسىدا ياشىغاچقا، ئامما ئۇلارنىڭ ئىدىيە، خىزمەت، ئۆگىنىش قاتارلىق ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا، ياچېيكا پارتىيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىغا بولغان پىكىرىنى ئېلىشى كېرەك. پىكىر ئېلىشتا، ئومۇمەن پارتىيە ياچېيكىسى ئالاقىدار خادىملارنى قاتناشتۇرۇپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ۋە ئايرىم ئىگىلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك ھەم قوشۇلۇش پىكىرىنى ئاڭلاش، ھەم ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنىمۇ ئاڭلاش، ئاندىن ئەتراپلىق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىپ، توغرا تونۇش ھاسىل قىلىش كېرەك. پارتىيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى بەك سىرلىق قىلىۋېتىپ، بىر قانچە ئادەمگىلا ئۇقتۇرۇپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئالماسلىق مۇۋاپىق ئەمەس.(07)

(«يېڭى ياچېيكا تۇرمۇشى»نىڭ 1999-7-سانىدىن)

## كاندىدات پارتىيە ئەزالىرى ۋە جازالانغان پارتىيە ئەزالىرى دېموكراتىك باھالاشقا قاتنىشامدۇ؟

كاندىدات پارتىيە ئەزالىرى دېموكراتىك باھالاشقا قاتنىشىشى لازىم، لېكىن ئۇلار ئۈستىدىن لاياقەتلىك ياكى لاياقەتسىز دېگەن يەكۈن چىقىرىلمايدۇ. كاندىداتلىق مۇددىتى توشقاندا ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا رەسمىيلەشتۈرۈشكە بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. باھالاش خىزمىتى مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى توشسا، دېموكراتىك باھالاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ رەسمىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدۇ. باھالاش جەريانىدا بەزى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغانلىقى بايقالسا، ياچېيكا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ، تەستىقلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاشقا بولىدۇ.

پارتىيە ئىنتىزامى جازاسىغا ئۇچرىغان پارتىيە ئەزالىرىمۇ باھالاشقا قاتنىشىشى لازىم. پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەن ۋاقتى ئىيلىغا يەتمىگەنلەرنىڭ، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلگىنىگە 2 يىل بولغانلارنىڭ لاياقەتلىك ياكى لاياقەتلىك ئەمەسلىكىنى باھالاپ بېكىتىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى قىلىپ باھالاشقا بولمايدۇ. پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلگەن پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش مەزگىلىدە باھالاشقا قاتنىشىشى لازىم، لېكىن ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك ياكى لاياقەتلىك ئەمەسلىكى باھالاپ بېكىتىلمەيدۇ. باھالاش جەريانىدا پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ يەنە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى بايقالسا، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى تەرىپىدىن قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.(07)

## ياچېيكا كومىتېتى تەسىس قىلىنمىغان پارتىيە ياچېيكىسىدا كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ؟

ياچېيكىمىزدا 9نەپەر رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بار. مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ، ياچېيكا كومىتېتى تەسىس قىلماي، پەقەت بىرلا شۇجى سايلىدۇق. پارتىيە نىزامنامىسىدە ياچېيكا خىزمىتىدە كوللېكتىپ رەھبەرلىك يولىغا قويۇلۇشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن، بىزنىڭكىدەك ياچېيكىدا كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؟ ياچېيكا شۇجىسى ياچېيكىغا ۋەكالەتەن مۇناسىۋەتلىك جەدۋەل ۋە ماتېرىياللارغا ئىمزا قويسا بولامدۇ؟

ياچېيكىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ۋە ئۇنىڭدا سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ياچېيكا كومىتېتى ياچېيكىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى. ياچېيكا كومىتېتى ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى يېپىلىش مەزگىلىدە ياچېيكىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ روھقا ئاساسلانغاندا، ياچېيكا كومىتېتى تەسىس قىلىنىش - قىلىنماسلىقتىن قەتئىينەزەر، ياچېيكىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى، ئالايلۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ قارارى، يوليورۇقلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى ياچېيكا كومىتېتى سايلاپ چىقىش (ياچېيكا كومىتېتى تەسىس قىلىنمىغان ياچېيكىدا شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى سايلىنىدۇ)، پارتىيىگە يېڭىدىن ئەزا قوبۇل قىلىش، خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزالىرىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىشنى قارار قىلىش قاتارلىقلارنى ياچېيكا چوڭ يىغىنىدا قارار قىلىشى لازىم. ياچېيكا كومىتېتى تەسىس قىلىنمىغان ياچېيكىدا مۇشۇنداق قىلىنسا كوللېكتىپ رەھبەرلىك ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. بۇنداق ياچېيكىدا، ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى يېپىلىش مەزگىلىدە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە ياچېيكىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشى لازىم. شۇجىنىڭ ياچېيكىغا ۋەكالەتەن جەدۋەل ياكى ماتېرىياللارغا ئىمزا قويۇشىغا بولۇش - بولماسلىق ئىشىغا كەلسەك، بۇنى مەزمۇنىغا ئاساسەن بېكىتىش لازىم. كۈندىلىك خىزمەتكە ياتىدىغان ئىشلارغا ياچېيكا شۇجىسى ئىمزا قويسا بولىدۇ. مۇھىم مەسىلىلەرنى ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش لازىم.(07)

# قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

ئوسمان نىياز

ئامانلىق ساقلىغۇچى ۋاڭ × بىلەن ئۇنىڭ قوشنىسى تەن × (مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى) 1996-يىل 12-ئايدا جېدەللىشىپ قالغان. ۋاڭ × ئاچچىقىدا تەن × نى ئۇرۇپ ئۇنىڭ كۆپ يېرىنى زەخىملەندۈرگەن. دوختۇرخانا ئۇنىڭ زەخىمىسىنى يېنىكرەك زەخمە، دەپ خۇلاسە چىقارغان. ئۇ دوختۇرخانىدا 15 كۈن يېتىپ، 1900 يۈەن چىقىم تارتقان. شۇ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى 1997-يىل 2-ئايدا مەمۇرىي كېسىم چىقىرىپ، زىيانكەشلىك قىلغۇچى ۋاڭ × قا ئامانلىق ساقلاش بويىچە 14 كۈن تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بەرگەن ھەمدە 1900 يۈەن داۋالىنىش ھەققى بىلەن باشقا ئىقتىسادىي زىيانلىرى ئۈچۈن 80 يۈەن تۆلەشنى بۇيرۇغان. زىيانكەشلىك قىلغۇچى كېسىمدە پاكىت ئېنىق بېكىتىلمىگەن دېگەننى باھانە قىلىپ، قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغان. شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى 1997-يىل 3-ئايدا پاكىت ئېنىق، دەلىل-ئىسپات تولۇق ئەمەس، دەپ قايتا قاراپ چىقىش كېسىمى چىقىرىپ، ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئۈستىدە چىقارغان كېسىمىنى بىكار قىلغان. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ كېسىمىگە قايىل بولماي، رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە مەمۇرىي جەھەتتىن دەۋا قىلغان. رايونلۇق سوت مەھكىمىسى 1997-يىل 5-ئايدا تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقىرىپ: (1) شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ 1997-يىل 3-ئايدىكى كېسىمىنى بىكار قىلغان؛ (2) ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ 1997-يىل 2-ئايدا چىقارغان ئامانلىق ساقلاش، باشقۇرۇش بويىچە جازالاش كېسىمىنى ئۆزگەرتىپ، زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا ئامانلىق ساقلاش بويىچە بېرىلگەن 14 كۈن تۇتۇپ تۇرۇش جازاسىنى 7 كۈنگە ئۆزگەرتكەن. شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى رايونلۇق سوت مەھكىمىسى چىقارغان مەمۇرىي ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا نىشانىدىن ھالقىپ كەتكەن، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ قانۇنلۇقلۇقىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىنغان، مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئەركىن سوت قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىنغان، دېگەننى باھانە قىلىپ يۇقىرىغا نارازىلىق ئەرز سۇنغان. زىيانكەشلىك قىلغۇچى مەزكۇر دېلونىڭ دېلو تۇرغۇزۇلۇشى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە خىلاپ، 1- سوت ھۆكۈمىتىنىڭ پاكىتى ئېنىق، دەلىل- ئىسپاتى تولۇق ئەمەس، دېگەننى باھانە قىلىپ ئەسلى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان. 2-سوت سوت قىلىش ئارقىلىق مۇنداق قارىغان: زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن قوشنىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، باشقىلارنىڭ يېنىكرەك زەخىملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىق توغرىسىدىكى پاكىتنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ بايانى، گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى، قانۇن دوختۇرىنىڭ باھالىشى قاتارلىق دەلىل-ئىسپاتلار ئىسپاتلاپ بەرگەن، زىيانكەشلىك قىلغۇچى گەرچە ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بېكىتكىلى بولىدۇ؛ دېگەن ھەمدە مۇنداق كۆرسەتكەن: شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ج خ شۆبە ئىدارىسى چىقارغان ئامانلىق ساقلاش، باشقۇرۇش جازاسىنىڭ ھۆكۈم پاكىتى ئېنىق، دەلىل-ئىسپاتى تولۇق ئەمەس دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنى بىكار قىلغانلىقى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ دېلودا (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە قىلغان دەۋاسىنى دېمەكچى) قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگاننىڭ 1-كېسىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا قايىل بولماي قىلغان مەمۇرىي دەۋانى ئەسلى سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسـ

نىڭ قوبۇل قىلىشى توغرا، زىيانكەشلىك قىلغۇچىنىڭ ئەسلى سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسىنىڭ قوبۇل قىلىپ دېلو تۇرغۇزۇشى قانۇندىكى تەرتىپكە خىلاپ دەپ قىلغان دەۋاسىنى مەھكىمىمىز قوللىمايدۇ. لېكىن بۇ دېلودىكى دەۋادا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش ئوبيېكتى ئەرز قىلىنغان قايتا قاراپ چىقىش كېسىمى بولۇشى، ھەم ئۇنىڭ قانۇنلۇقلۇقى ئۈستىدە پۈتۈن دېلونى تەكشۈرۈش، ھالبۇكى 1-سوت ھۆكۈمىدە غەيرىي تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ جازا كېسىمىنى بىۋاستە ئۆزگەرتىشى مۇۋاپىق بولمىغان، ئەلۋەتتە. نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن خەلق سوت مەھكىمىسى 1997-يىل 7-ئايدا تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقارغان: رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1997-يىلى 5-ئايدىكى ھۆكۈمى بىكار قىلىنىدۇ؛ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ 1997-يىلى 3-ئايدا چىقارغان ئامانلىق ساقلاش، باشقۇرۇش بويىچە جازالاشقا دائىر قايتا قاراپ چىقىش كېسىمى بىكار قىلىنىدۇ؛ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى مەزكۇر ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغان كۈندىن باشلاپ 5 كۈن ئىچىدە قايتىدىن كېسىم چىقىرىدۇ.

2-سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن، ج خ شۆبە ئىدارىسى 1-قېتىم كېسىم چىقارغاندىكىگە ئوخشاش سەۋەب ۋە ئاساس بىلەن زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا ئامانلىق ساقلاش بويىچە 10 كۈن توختىتىپ قويۇشتەك جازالاش كېسىمى چىقارغان. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى يەنىلا ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ 2-قېتىملىق ئامانلىق ساقلاش بويىچە چىقارغان جازالاش كېسىمىگە قايىل بولماي، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلغان، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى 1998-يىل 1-ئايدا ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ كېسىمىنى ساقلاپ قېلىش قارارىنى چىقارغان. زىيانكەشلىك قىلغۇچى ج خ ئىدارىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىش قارارىغىمۇ قايىل بولماي، يۇقىرىقىدەك سەۋەب بىلەن، مەمۇرىي دەۋا قىلغان. رايونلۇق سوت مەھكىمىسى 1998-يىل 3-ئايدا ج خ ئىدارىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىش قارارىنى كۈچكە ئىگە قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان، زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولماي، يەنە شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەرگەن، 2-سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى 1998-يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنى «نارازىلىق ئەرز رەت قىلىنىپ، ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنسۇن» دېگەن ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقارغان.

يۇقىرىدىكى دېلو ئەھۋالى، ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش جەريانى ۋە نەتىجىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ 1-قېتىملىق كېسىمى توغرا بولغان، يەنى ھەم «ئامانلىق ساقلاش بويىچە باشقۇرۇش، جازالاش نىزامى»نىڭ 22-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ھەم 1993-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنى تارقىتىلغان «گوۋۇيۈەننىڭ «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئىجرا قىلىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»دىكى «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارغا ھاقارەت قىلغان، ئۇلارنى ئۇرغانلارنى قانۇن بويىچە تېز، قاتتىق جازالاش كېرەك» دېگەن تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان. شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئەسلىدىكى كېسىمنى بىكار قىلىشى مۇۋاپىق بولمىغان، خىزمەت ئىنچىكىرەك ئىشلەنگەن بولسا دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتا بۇنچە ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقمايتتى، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى قانۇننىڭ ئادىللىقىنى قوغداش مەقسىتىدە، ھۆكۈم چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق ج خ ئورگىنى يۈرگۈزىدىغان مەمۇرىي ھوقۇقنى يۈرگۈزۈپ دېلونى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ھالبۇكى ئاخىرقى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغىنىغا 6 ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، كېسىم ۋە ھۆكۈم ئىجرا قىلىنماي، مەسىلە بىر تەرەپ قىلىنمىغان، شۇڭلاشقا قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخى ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەكمۇ-يوق، دېگەن مەسىلىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ، مېنىڭچە، قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش بىر مەسىلىنىڭ ئوخشاشمىغان ئىككى تەرىپى ھېسابلىنىدۇ، بۇنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخى دېگەنلىك قانۇننى ئىجرا قىلىشقا كەتكەن بەدەل ھەم ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى دېگەنلىكتۇر، ئىجتىمائىي ئۈنۈم قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخىنى سىنايدىغان ئاساسىي ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. قانۇننى

ئىجرا قىلىشقا كەتكەن بەدەل ئاز، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياخشى بولۇشىنىڭ ئۆزى قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخى تۆۋەن بولغانلىقتۇر، ئەكسىچە بولسا قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخى يۇقىرى بولىدۇ. قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخى ھېچ بولمىغاندا ماددىي تەننەرخ، ۋاقىت تەننەرخ ۋە ئىجتىمائىي تەننەرختىن ئىبارەت 3 جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ماددىي تەننەرخ دېلو بېجىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا سەرپ بولغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، پۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەم قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دېلو بېجىرىشكە كەتكەن چىقىمىنى ھەم دېلو دەۋاگەرلىرى، ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ئەرز قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا (سوتتىكى، سوتنىڭ سىرتىدىكى) كەتكەن چىقىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋالى ×نىڭ تەن ×كە زىيانكەشلىك قىلغانلىق دېلوسىدا، ئىككى دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 4 قېتىم كېسىم چىقارغان، ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 4 قېتىم ھۆكۈم چىقارغان. ئىگىلەشكە قارىغاندا، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇ دېلونى سۈرۈشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئارىلاشقان. بۇنىڭغا قانچىلىك بەدەل كەتكەنلىكى ئوپئوچۇق. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىگىلەشكە قارىغاندا، دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئىلگىرى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە كۆپ قېتىم بارغاندىن سىرت، يەنە ئاۋارىچىلىقتىن قاچماي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بارغان. زىيانكەشلىك قىلغۇچى ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھاۋالە قىلغان ۋەكالەتچىلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 2 قېتىم 2 باسقۇچلۇق سوتقا قاتناشقان، بۇنىڭغا قانچىلىك ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچنىڭ سەرپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئاسان.

ۋاقىت تەننەرخى دېلو قوبۇل قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى ھۆكۈم ياكى كېسىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كەتكەن ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسىدا، دېلو سادىر بولۇپ سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغىچە دەۋا نەچچە رەت تەكرارلىنىپ، ئۇنىڭغا 1 يېرىم يىلدەك ۋاقىت كەتكەن، بۇنىڭدا دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ دەۋانىڭ ئاۋارىچىلىقىنى يەتكىچە تارتقان. ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىغا كەڭچىلىك قىلغانلىق، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا نىسبەتەن بىر خىل ئازاب، بۇنىڭغا سەرپ قىلىنغان بەدەلنى پۇل بىلەن ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

ئىجتىمائىي تەننەرخ ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدىكى 2 خىل تەننەرخنىڭ ئومۇملاشقان ئىپادىسى، يەنى پۇقرالار ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش نەتىجىسىگە (ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە) بەرگەن باھاسىدىن ئىبارەت. ئىجابىي باھانىڭ ئىجتىمائىي تەننەرخى تۆۋەن، ئەكسىچە بولغاندا، ئىجتىمائىي تەننەرخى يۇقىرى بولىدۇ. ۋالى ×نىڭ تەن ×گە زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسىدا، قاراپ چىقىش قاتلىمى كۆپ، سوت قىلىش جەريانى ئۇزۇن ھەمدە كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم-كېسىملەر ئىجرا قىلىنمىغاچقا، دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەل بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئاممىلار ئارىسىدا ناچار ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلغان. بىرىنچىدىن، دەۋالاشقۇچىلار قانۇنغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان. ئىككىنچىدىن، بۇ دېلو ئارقىلىق نۇرغۇن ئاممىلار قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ قانۇننىڭ ئادىللىقىنى ۋاقتىدا قوغدىيالمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۈچىنچىدىن، كۆپلىگەن پۇقرالار «قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخى بۇنداق يۇقىرى بولسا، دۆلەت بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ پۇقرالار دەۋا قىلالامدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ دېلو ئارقىلىق قانۇننى ئىجرا قىلىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتەك مۇشۇنداق بىر مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى ئۈستىدە كۆپ جەھەتتىن ئىزدىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز (07)

## يېزا كادىرلىرى ئۈچۈن بىر ئېغىز ئىللىق گەپ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى جايلاردا يېزا كادىرلىرىغا ئادىل باھا بەرمەسلىكتەك ئەھۋال پەيدا بولدى. بەزى رەھبىرىي كادىرلار يېزا كادىرلىرى دۇچ كېلىدىغان رېئال ئەھۋاللارنى ئىنتايىن ئاز بىلىدۇ. خىزمەت جەھەتتە ئۇلارغا ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئارتۇقچە قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەپ، بۇيرۇقۋازلىق قىلىدۇ، ئۇلار نەق مەيداندا كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ھەمىشە يېزا كادىرلىرىنى «رەھبەرلىك سەنئىتى كەمچىل، كەسىپچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاجىز» دەپ ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنىلا كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرمەيدۇ. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بەزىلىرى يېزا كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى مەسخىرە قىلىپ ئۇلارغا قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنى خىزمەت ئىشلەشتە يار ـ يۆلەكسىز قويۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدۇ. نۇرغۇن يېزا كادىرلىرى جاپالىق شارائىتتا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا دەرىجىلىك، تەشكىلات قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، يېزا ئاھالىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشقا يېتەكلەپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى قوللاپ، ئۇلارغا بولغان تەمىناتنى ئامالنىڭ بارىچە ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى كۈچەيتىشى لازىم. (07)

(«خۇبېي پارتىيە ئەزالىرى تۇرمۇشى»نىڭ 1999ـ يىللىق 7ـ سانىدىن)

## يېزىلاردىكى سىملىق رادىئونى ئاسراش لازىم

يېزىلاردىكى سىملىق رادىئو ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە يېزا كادىرلىرىنىڭ يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكرىنى يەتكۈزىدىغان، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىدىغان ۋە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان تەشۋىقات قورالى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى يېزا ـ كەنتلەردە كوللېكتىپ مۈلكى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەچكە، سىملىق رادىئو كانىيى، سىم يوللىرى، ئاۋاز قوبۇللىغۇچ قاتارلىقلارمۇ شەخسنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغان، رادىئو قوبۇللىغۇچ، مىكروفون ئۆيلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن، سىم يوللىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم چىقمىغان، يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي كېرەكسىز تۆمۈر تەسەككە ئايلىنىپ قالغان. يېزا ـ كەنت كادىرلىرى ئاممىغا بىرەر ئىشنى ئۇقتۇرۇش قىلماقچى بولسا ئۆيمۇئۆي بېرىپ پۈتۈن يېزىنى بىر ئايلىنىپ چىقىدىغان بولغان. ئىلگىرى دېھقانلار ئېتىزلىقتا، ئۆيلىرىدە تۇرۇپ يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي ئارقىلىق تارقاتقان ئۇچۇرلىرىنى ئاڭلىيالايتتى. ھازىر بولسا، ئۇنداق ئەمەس. دېھقانلارنىڭ بۇ ئىشقا نارازىلىقى كۈچلۈك بولماقتا، سىملىق رادىئو تورى يوقىلىپ كېتىش ئەھۋالى يېزىلاردا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلانماقتا. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك تارماق ۋە رەھبەرلەر بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. چۈنكى يېزىلاردىكى سىملىق رادىئو تورىغا باشقا ئاخبارات ۋاسىتىسى ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. (جۇمىڭ)

(يۈننەن «ياچېيكا تۇرمۇشى»نىڭ 1999ـ يىل 5ـ سانىدىن)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە دائىر شۇئارلار

(بېشى باش بەتتە)

24. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دادىل ئىزدىنىپ، دادىل ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى!

25. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى!

26. كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرايلى، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەيلى، ئالىيجاناب روھ بىلەن تەربىيىلەيلى، ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرايلى!

27. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس- بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلىم ۋە ئەدەبىيات سەنئىتىنى گۈللەندۈرەيلى!

28. سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئۆستۈرەيلى!

29. يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەيلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى!

30. «تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش بۈيۈك ئىشىنى ئورۇندايلى!

31. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرەيلى!

32. مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تىنچلىق، تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئالىيجاناب ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەتكە تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى!

33. ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرەيلى!

34. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جان دىلىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى!

35. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى كۈچەيتىپ ھەم ياخشىلاپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى!

36. سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، ھەربىي ئىشلاردا پىشقان، ئىستىلى ياخشى، ئىنتىزامى چىڭ، كاپالىتى كۈچلۈك بولۇش كېرەك!

37. ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەيلى!

38. ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلايلى!

39. ھەممە بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەشىپ، قەتئىي بۇشاشماي غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلايلى!

40. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جاپا مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى ئەسىرنى يېڭى نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋالايلى!

41. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە كادىرلارغا سالام!

42. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملاردىكى كوماندىر جەڭچىلەرگە، ج خ كادىر ساقچىلىرىغا سالام!

43. دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارغا، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا سالام!

44. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلارغا ۋە ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارغا، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا، چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارغا سالام!

45. جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، مەدەت بېرىۋاتقان بارلىق چەت ئەللىك دوستلارغا ۋە دۇنيا ئەللىرى خەلقلىرىگە سالام!

46. ياشىسۇن ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى!

47. ياشىسۇن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!

48. ياشىسۇن ئۇلۇغ ماركسىزم لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى!

49. ياشىسۇن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى!

50. ياشىسۇن پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى!

# ج ك پ ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش(10)

شۆچىڭچاۋ، شۆجىچاۋ



**خۇياۋباڭ** (1915 ــ 1989)- خونەن ئۆلكىسىنىڭ لىيۇياڭ ناھىيىسىدىن. 1929 ــ يىلى قىشتا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، كېيىن ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1933-يىلى 9-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى سوۋېت رايونلۇق مەركىزىي بيۇروسىنىڭ باش كاتىپى بولغان. ئۇزۇن سەپەرگە قاتنىشىپ شىمالىي شەنشىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىتتىپاق مەركىزىي بيۇروسىنىڭ باش كاتىپى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولغان.

1937-يىلى 5-ئايدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن، كېيىن شۇ مەكتەپنىڭ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋاياۋبۇ 1-چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش سىياسىي بۆلۈمى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان.

ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، جىنچا-رەخې-لياۋنىڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى، شەنشى-چاخار-خېبېي ھەربىي رايونى 4-زوڭدۈيى، 3-زوڭدۈيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىمالىي جۇڭگو دالا ئارمىيىسى 18-بىڭتۇەنى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىمالىي سىچۈەن رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرى، شىمالىي سىچۈەن ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1952-يىلدىن باشلاپ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، 1-شۇجىسى بولغان. 1962-يىلى ۋەزىيىسى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ، ج ك پ خونەن ئۆلكىلىك كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە شياڭتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ 1-شۇجىسى بولغان. 1964-يىلدىن كېيىن، ج ك پ شەنشى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ 1-شۇجىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ 3-شۇجىسى، 2-شۇجىسى بولغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 1975-يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ 1-مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

1977-يىلى 3-ئايدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 12-ئايدا مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1978-يىلى پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3-شۇجىلىقىغا سايلانغان، كېيىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1980-يىلى پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغان.

1981-يىلى پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1982-يىلى پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغان. 1987-يىلى 1-ئايدا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن. شۇ يىلى 10-ئايدا پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسلىقىغا سايلانغان. ئۇ، پارتىيىنىڭ 8-، 11-، 12-، 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى؛ 1- 2 - 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

1989-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتكەن.



**چياۋشى** (1924 — )

جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ دىڭخەي ناھىيىسىدىن. 1940-يىلى 8-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

1940-يىلدىن 1949-يىلغىچە شاڭخەيدىكى يوشۇرۇن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەنۇب ئوتتۇرا مەكتىپى، گۇاڭخۇا قوشۇمچە ئوتتۇرا مەكتىپى پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئەزاسى، شۇجىسى، رايونلۇق پارتكومنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ خىزمىتى كادىرى، تەشكىلات خىزمىتى كادىرى، ئوتتۇرا مەكتەپ شۆبە پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە تەشكىلىي ھەيئىتى، تۇڭجى ئالىي مەكتىپى باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باش ئالاقىچىسى، يېڭشەھەر رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىمالىي 1-رايونلۇق مەكتەپ ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. شۇ مەزگىلدە شەرقىي جۇڭگو بىرلەشمە ئالىي مەكتىپى ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو بيۇروسى شەھەر خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ كۇرسلىرىدا ئوقۇغان.

1949-يىلدىن كېيىن، ج ك پ خاڭجۇ شەھەرلىك كومىتېتى ياشلار كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، شۇجىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي جۇڭگو بيۇروسى ياشلار كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1954-يىلدىن كېيىن، ئەنشەن پولات-تۆمۈر شىركىتى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، جۇچۈەن پولات-تۆمۈر شىركىتى لايىھىلەش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە پولات-تۆمۈر تەتقىقات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، جۇچۈەن پولات-تۆمۈر شىركىتى شەنشى قۇرۇلۇش باشقارمىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1962-يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلگەن.

1963-يىلدىن كېيىن، ج ك پ تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ كاندىدات شۇجىسى بولغان، كېيىن مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ قوشۇمچە مۇدىرى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت مەخپىيەتلىك ساقلاش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان.

1986-يىلى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغان. 1993-يىلى 3-ئايدا، 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقلىقىغا سايلانغان.

پارتىيىنىڭ 12-، 13-، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى ئىدى؛ پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسلىقىغا سايلانغان؛ پارتىيىنىڭ 13-، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ئىدى.

**ياۋيىلىن** (1917_ 1994)



ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ كۈيچى ناھىيىسىدىن. 1935-يىلى 11-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. «9-دېكابىر»ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان، بېيجىڭ شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى پارتىيە ئۆمىكىنىڭ شۇجىسى بولغان، كېيىن تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرلىرىدە، تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، خېبېي ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ باش كاتىپى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، خېبېي - رېخې- لياۋنىڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، سەنشى-چاخار-خېبېي شۆبە مەركىزىي بيۇرو، مەركىزىي بيۇرونىڭ باش كاتىپى، سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەت سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مالىيە-ئىقتىساد ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىمالىي جۇڭگو خەلق ھۆكۈمىتى سودا-سانائەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا-سېتىق مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە سودا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، گوۋۇيۈەن مالىيە سودا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قوشۇمچە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ئىقتىساد سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا چەتكە قېقىلغان. 1973-يىلى تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بولغان.

1978-يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى بولغان. 1979-يىلى 7-ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغان.

پارتىيىنىڭ 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىققا سايلانغان؛ پارتىيىنىڭ 11-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىققا سايلانغان؛ پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزالىققا سايلانغان؛ پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىققا كۆپەيتىپ سايلانغان؛ پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىققا سايلانغان.

1994-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**سۇڭ پىڭ** (1917_ )



سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يىڭشيەن ناھىيىسىدىن. ياش ۋاقتىدا بېيجىڭ داشۆ، چىڭخۇا داشۆدە ئوقۇغان. 1936-يىلى ئەتىيازدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1937-يىلى 12-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرلىرىدە، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ گەنسىسى، ماركسىزم-لېنىنىزم شۆيۈەنى تەلىم-تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە ئىشلىرى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى جەنۇب بيۇروسىنىڭ ئۆگىنىش كاتىپى، چۇڭچىڭ «شىنخۇا گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باش كاتىپى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى چۇڭچىڭ، نەنجىڭ باش شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى، جۇئېنلەينىڭ سىياسىي كاتىپى، ج ك پ خاربىن شەھەر رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەرقىي شىمال باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

بولغان.

1952-يىلدىن كېيىن، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئەمگەك، ئىش ھەققى، پىلان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، 3-سەپ قۇرۇلۇشى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، لەنجۇ ھەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ج ك پ گەنسۇ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 1-شۇجىسى، ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ 2-سىياسىي كومىسسارى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىك ھەربىي رايونىنىڭ 1-سىياسىي كومىسسارى بولغان.

1981-يىلدىن كېيىن، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى قوشۇمچە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

پارتىيىنىڭ 11 - 12-، 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىدى؛ پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 1-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسلىقىقا سايلانغان، پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىقىقا كۆپەيتىپ سايلانغان.



**خۇچىلى** (1929 — ) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۈلىن ناھىيىسىدىن. 1948-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1951-يىلى داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بېيجىڭ داشۆ كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ج ك پ بېيجىڭ داشۆ كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولغان. 1956-يىلدىن كېيىن، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، خەلقئارا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ كاندىدات شۇجىسى بولغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»داۋامىدا خاتا تەنقىد قىلىنغان. 1972-يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ج ك پ نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى شىجى ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، گۈيۈەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

1977-يىلدىن كېيىن، چىڭخۇا داشۆنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ج ك پ تيەنجىن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شەھەر باشلىقى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى بولغان.

1982-يىلى پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسلىقىقا سايلانغان. 1985-يىلى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسلىقىقا كۆپەيتىپ سايلانغان. 1987-يىلى پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسلىقىقا سايلانغان. 1989-يىلى پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ئۇنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسلىق ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاش قارار قىلىنغان.

1991-يىلدىن كېيىن، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون سانا-

ئىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، ئېلېكترون سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، پارتكوروپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1998-يىلى 3-ئايدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان.



**ليۇخۇاچىڭ** (1916 ـ )

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ داۋۇ ناھىيىسىدىن. 1929-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1930-يىلى 12-ئايدا قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان. 1935-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1934-يىلدىن ئىلگىرى ئاساسلىقى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن شەرقىي خۇبېي پارتىزانلىق باش قوماندانلىق شتابىدا سەنمۇ، كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1934-يىلدىن 1937-يىلغىچە قىزىل ئارمىيە 25-جۈنى، 15-جۈنى، 78-شىسى، 31-جۈنىدە بۆلۈم باشلىقى، كادىرلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى بولغان. ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرلىرىدە، 8-ئارمىيە 129-شىسىنىڭ كاتىپى، بۆلۈم باشلىقى، تەمىنات بۆسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جەنۇبىي خېبېي ھەربىي رايونى، تۆزلەڭلىك ھەربىي رايونى سىياسىي بۆ تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، خېبېي-خېنەن ھەربىي رايونى 6-شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، جەنۇبىي خېبېي ھەربىي رايونى 7-تارماق ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، 2-دالا ئارمىيىسى 2-زۇڭدۈي 6-لۈيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، 11-جۈن سىياسىي بۆسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

1949-يىلدىن كېيىن، 2-دالا ئارمىيىسى ھەربىي مەمۇرىي داشۆسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، غەربىي جەنۇب ھەربىي رايونى ھەربىي-مەمۇرىي داشۆسى ۋە 2-يۇقىرى دەرىجىلىك پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، 2-دالا ئارمىيىسى 10-جۈنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، 1-دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1954-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1958-يىلدىن كېيىن، دېڭىز ئارمىيە لۈيشۈن بازىسىنىڭ 1-مۇئاۋىن قوماندانى قوشۇمچە سەنمۇجاڭى، دېڭىز ئارمىيە بېيخەي ئىسكادراسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 7-تەتقىقات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، 6-ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، دۆلەت مۇداپىئە پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى، ئازادلىق ئارمىيە باش سەنمۇجاڭىنىڭ ياردەمچىسى، مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭى، دېڭىز ئارمىيە قوماندانى بولغان. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ھەربىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش كاتىپى، مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1988-يىلى شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.

پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىدى؛ 1985-يىلى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ۋە 13-قۇرۇلتايدا مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان؛ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغان.

**قادىر داۋۇت** (ت)

# شنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

شنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە 4 خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدۇ، تىراژى 100مىڭ نۇسخا ئۆپچۆرىسىدە. ئۇ 1959-يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، نامى 1994-يىلى «شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى»غا ئۆزگەرتىلگەندى. 2000-يىلى يانۋاردىن باشلاپ «شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى»ژۇرنىلىنىڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ ژۇرنال پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا ۋە توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىرداش دوستى، ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى، پارتىيىگە كىرىشكە ئىنتىلىۋاتقان ئاكتىپلارنىڭ قىزغىن يول باشلىغۇچىسى، ياچېيكا تۇرمۇشىنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتچىسى بولۇشقا هارماي تىرىشتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي خىزمەتكە پائال ماسلىشىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پائال تۆھپە قوشتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشكىلات بۆلۈملىرى، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە پائال خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، شنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىدە باشتىن-ئاخىر بىر قەدەر ياخشى سەۋىيە ساقلاپ كېلىنمەكتە. 2000-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن ئالاھىدە تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

1. شنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىردىنبىر ئومۇمىيۈزلۈك خاراكتېرلىك پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ژۇرنىلى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىگە چوقۇم سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى، بۇ ژۇرنالنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇشى، ئۈنۈملۈك، ئەمەلىيەتكە باپ كېلىدىغان تەدبىر قوللىنىپ، شنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە ئۇنىڭغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

2. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان شنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئاساسەن، ھەر بىر پارتىيە ياچېيكىسى 1-2 نۇسخىغىچە مۇشتەرى بولسا بولىدۇ، ئادەم سانى كۆپرەك پارتىيە گۇرۇپپىلىرىمۇ مۇشتەرى بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيىگە كىرىشكە ئىنتىلىۋاتقان ئاكتىپلار ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆز راسخوتى بىلەن مۇشتەرى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.شۇ ئارقىلىق 2000-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

3. شنجاڭ ھەربىي رايونى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يۇقىرىقى روھ بويىچە شنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللىسە بولىدۇ.

**ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى**

**ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى**

1999-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى




يىغىن زالىدىن بىر كۆرۈنۈش



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شاۋچياڭ يىغىندا سۆز قىلدى.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپلارغا مۇكاپات بويۇمى تارقاتتى.



«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ نەشرىيات باشلىقى، قوشۇمچە باش مۇھەررىرى دۇەن ۋېنىاڭ خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى .



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ دېجۇڭ يىغىندا سۆز قىلدى.

«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» («ياچېيكا تۇرمۇشى») ژۇرنىلى نەشرىياتى 1999- يىل 8- ئاينىڭ 10- كۈنى 1999- يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلارنى مۇكاپاتلاش، 2000- يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شياۋچياڭ، دۇەن تۇڭخۇا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ دېجۇڭ، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئىشلىرى ھەيئەت ئەزاسى ئەركىن تۆنىياز قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. نەشرىيات باشلىقى، قوشۇمچە باش مۇھەررىرى يولداش دۇەن ۋېنىاڭ «شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، 2000- يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپ يىللاردىن بۇيان پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا ۋە توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىرداش دوستى، ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى، پارتىيىگە كىرىشكە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ ئاكتىپلارنىڭ قىزغىن يول باشلىغۇچىسى، پارتىيە تۇرمۇشىنىڭ سەممىي مەسلىھەتچىسى بولۇشقا تىرىشىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ھەممەيلەن ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان سىياسىي ئوقۇشلۇققا ئايلاندى. يىغىندا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى 17 ئىلغار ناھىيە، شەھەر تەقدىرلەندى.

ئابدۇسالام ئابدۇراخمان فوتوسى، ۋاڭ يىڭ خەۋىرى




باھاسى 2.45 يۈەن، پوچتا نومۇرى: 830003، ۋەكالەت نومۇرى: 42ـ58
新疆《西部先锋》维吾尔文版